غ. ئو. زۇلپىقار

# سۆيگۈ رىسالىسى

شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


ھىجران ھارپىسى ........ 5

تۇرغان ئىدۇق مۇشۇ بۇلاق تۈۋىدە ........ 6

سەن كەتكەندە ........ 8

پارچىلار ........ 9

گۈلنارغا ........ 10

گۈل تۇتتۇم ساڭا ........ 11

شوخ جانانغا ........ 12

بىر قىزغا ........ 13

غەزەل ........ 15

خىيالىمدا ........ 16

غەزەل ........ 17

مەخپىي ئۇچرىشىش ........ 18

غەزەل ........ 19

غەزەل ........ 20

غەزەل ........ 21

باھار، ئەجەپ سېغىندىم سېنى ........ 22

ئايدىڭ كېچىدىكى ئەسلەش ........ 24

غەزەل ........ 25

بېغىشلىما ........ 26

غەزەللەر ........ 27

باھار دوقىلىدىكى ئۇچرىشىش ........ 29

ئۆتتى تېخى بىر ھەپتە، لېكىن ........ 33

بۇ يوللار... ........ 35

دەرتىنىڭ داۋاسى سەن سەن ........ 37

مېنىڭ بەختىم — سېنىڭ تىنىقىڭ ........ 39

نېمە ئانچە سىرلىق تۇيغۇ مۇھەببەت؟ ........ 41

ئايرىلغاندا ........ 43

كالىنداردىكى بەخت بەلگىسى........ 45
سۇمرۇغ بولسام ئەگەر بىر كۈنلا... ........ 47
بەخت ئېلىپ كەلگەن پوچتالىيۇن ........ 50
چاخچاق ئەمەس ئىدى شۇ سۆزۈم........ 52
پۇشايمان ........ 54
شەمبىدە........ 57
جەننەتتىكى ئۇچرىشىش........ 59
ياندى يەنە قەلبىمدە گۈلخان ........ 61
باغ كەينىدە سىرلىق شىلدىرلاش ........ 63
كىر قونمىدى پاك تۇيغۇمىزغا........ 64
بىھۇدە كەتكەن گۈزەل تۇيغۇلار........ 66
مەنبە ئىدىڭ شېئىرلىرىمغا........ 68
تاغ گۈلىگە ........ 69
غەزەل ........ 71
مەستلىكىم........ 72
سىرلىق تۇيغۇ........ 73
مەستانىلىكىم ........ 74
دىمىغىمغا سىڭىپ قاپتۇ پۇراقلىرىڭ........ 75
قېرىماس سۆيگۈ ........ 77
بۇلۇتلۇق كېچىگە ياراشقان سۆيۈش ........ 78
سەن سۆيگەننىڭ لەززىتى باشقا........ 79
سۆيگۈ قىممىتى........ 80
كۈتۈش ........ 81
بالىلىقتا ئوخشاش قېرىلىق ........ 83
سېغىنىش كۈيى........ 85
قەلب دولقۇنى ........ 86
بىر گۈزەلگە ........ 88
ھىجران ئالدىدىكى ھېسلار........ 90
ئاداققى سۆيۈشتىن... ........ 93

سېنىڭ شەرىپىڭ.......................................................................95
تەلۋە ئىكەن ئاشىقلار شۇنداق... .......................................................96
قېرىلىقتىكى سۆيگى ...........................................................................98
ئىككى ۋوگزالدا ئىككى خىل كەچمىش .................................................100
چۇش..................................................................................................102
ۋېناس ھەيكىلى .....................................................................................104
زېرىكىش ..............................................................................................106
بىر قىزغا ..............................................................................................108
يەنە «ۋېناس»قا ........................................................................................109
كىمگە قاراپ كۇلگەن ئىدىڭكىن؟...........................................................111
ئەسلەش ...............................................................................................114
ئۇتتىن ھۇركۇش ......................................................................................117
ئەسلەتمە ...............................................................................................119
كېچىككەن سۆيگۇ ....................................................................................120
ئۆگۇنۇش...............................................................................................122
دۇنيا! ..................................................................................................123
...غا ....................................................................................................126
كۆڭۇل دېگەن سىرلىق بىر نېمە ................................................................127
ئاچچىق................................................................................................128
ئەسلىمە ...............................................................................................129

# ھىجران ھارپىسى

خىيالچان ئولتۇرغان جىمجىت مىنۇتلار
ئاڭلايمەن يۈرەكنىڭ دۈپۈرلىشىنى.
ئاڭلايمەن ئازاپقا تولغان دىلىمنىڭ
جانانغا تەلپۈنۈپ تىپىرلىشىنى.

ھىجرانكى ئادەمنى قىلۇر سەۋدايى،
يۈرەكلەر خۇن بولۇر، كۆز ياشلار بۇلاق.
شۇ قەدەر مۇقەددەس تۇيۇلار شۇندا،
يار بىلەن بىرلىكتە ئوينىغان ھەرياق.

مۇقەددەس كۆرۈنەر قاقاس تاغلارمۇ،
كۆرۈمسىز مەنزىرە، قىستاڭ شەھەرمۇ.
شۇ قەدەر ئېزىزدۇر ئايقاراڭغۇسى،
يامغۇرلۇق كەچقۇرۇن ياكى سەھەرمۇ.

خەير، ئەي، جانانىم تۇغۇلغان شەھەر،
يارىمنى گۈل سۈپەت ئۆستۈرگەن ماكان.
خەير، ئەي، مېھرىۋان ئانىدەك دەريا،
سەن بىلەن قالدى دىل، دىل سۆيگەن جانان.

1980 - يىل، 1 - سىنتەبىر، كانسۇ

# تۇرغان ئىدۇق مۇشۇ بۇلاق تۇۋىدە

تۇرغان ئىدۇق مۇشۇ بۇلاق تۇۋىدە،
باھار پەسلى، بۈك ـ باراقسان ئورماندا؛
سايرىغانتى خۇش ئاۋازدا تومۇچۇق،
گاھى ئۆرلەپ پەرۋاز قىلىپ ئاسماندا.

يوپۇرماقلار ئارىسىدىن چۈشكەن نۇر
جىمىرلايتى سۈزۈك بۇلاق سۈيىدە.
شىلدىرلىشى جۇر بولاتتى قۇشلارغا،
بىر خوشاللىق زاھىر ئىدى كۈيىدە.

سېغىنىچتىن ئىزلىرىڭنى ئىزدەپ، يار،
كەلگەن ئىدىم ئايرىلغاندا، باھاردا.
مۇھىت ئوخشاش، پەسىل ئوخشاش، لېكىن كەم —
سېنىڭ ھىدىڭ خۇشپۇراقلىق قاتاردا.

تومۇچۇقنىڭ سايراشلىرى شۇڭلاشقا
بىر ھەسرەتلىك ناخشا ئوخشاش بىلىنەر.
نۇر سېپىلگەن بۇلاق يۈزى ئۆمچىيىپ،
ئاۋازىدا پىغان چېكەر شۇ قەدەر.

بىر چاغلاردا شادلىق بەخش ئەتكەن جاي
ماڭا شۇنچە يات ھەم سۈرلۈك بىلىندى.
ئىچ ـ ئىچىمدىن ماڭا يىغا ياماشتى،
يېڭى ھەسرەت بىلەن قەلبىم تىلىندى.

كىشى ھامان ئەسلەر ئۆتكەن كەچمىشنى
لەززەت تېپىش ئۈمىدىدە، تۈنلىرى.
لېكىن ئەسلەش بەخش ئېتەر ھەم ھەسرەت،
نېسىپ بولماس پەقەت لەززەت كۈنلىرى.

1983 - يىل، 9 - ئىيۇل، ئاتۇش شورۇق

# سەن كەتكەندە

سەن يوق ئەمدى بۇ شەھەردە، كەتتىڭ يار،
شۇڭا بۇ يەر دەشتى - چۆلدەك ھوۋۇلدار.
سەنسىز مۇشۇ «باياۋان»دا تەمتىرەپ —
يۈرسەم، يۈرەك قورقۇپ - قورقۇپ پوكۇلدار.

سەن باردىمۇ سېنى ئانچە كۆرمەيتتىم،
سۆزلەشمەيتۇق، قاراشمايتۇق زادىلا.
روھىم بىلەن بارلىقىڭنى سېزەتتىم،
كۆڭلۈم ئىمىن تاپار ئىدى خېلىلا.

كەتتىڭ!
شۇنى كۆردۈم، تېنىم شۈركەندى،
ئاللىقانداق گۆھەرلىرىم يۈتكەندەك!
مۇشۇ قايناق ھايات، دۇنيا،... كۆزۈمگە —
سەت كۆرۈندى، ياشاش ئەمدى پۈتكەندەك.

1983 - يىل، 11 - ئىيۇل، ئاتۇش شورۇق

# پارچىلار

ھاياتنىڭ كارۋىنى توختىماس شۇنداق،
تەقدىرنىڭ شامىلى كۆمۈپ ئۆتەر ئىز.
بۇ جاھان ئىزىنى خاراپ قىلىدۇ،
ئىشەنگىن، خارلارنى قىلىدۇ ئىزىز.

***

جىلۋىدار گۈزەلنىڭ سۆزلىرى چۈچۈك،
ھەر سۆزى چېكىدۇ كۆڭۈل تارىنى.
يارەنلەر، ئاشقنىڭ مەستانە ئىشى:
تۈن ئارا ئۇخلىماي ئەسلەش يارىنى.

*

سۆيگۈنىڭ مىزانى ۋاپا ۋە چىنلىق،
ئۇ قۇرۇق سۆز ئەمەس، ھەركەتتە ئايان.
چىن ئاشق بولسا كىم بولغاي سەمىمى
باشلىغاي ۋاپاسى ۋىسالى تامان.

1983 - يىل، 8 - ئاۋغۇست، قەشقەر

# گۈلنارغا

ئەجەپ شېرىن ـ سۆخەن مىۋە، چىچەكى جىلۋىدار — گۈلنار،
دىلىمنى مەھلىيا ئەيلەپ، قىلۇر بەك ئىنتىزار، گۈلنار.

گويا ئوتقاش ئۈنىڭ رەڭگى، شەپەقتىن ئالدىمۇ رەڭنى؟
دېسە: گۈل تاللىغىن — بىرسى، قىلۇرمەن ئىختىيار، گۈلنار.

باھارنىڭ پەيزىنى شۇ گۈل مۇجەسسەم ئەيلىگەن بىر ـ بىر،
سابادا ياپرىغى — بەرگى چىرايلىق تولغىنار، گۈلنار.

نامايان ئەيتىدىن شوخلۇق، ئۆزىگە قىلىدۇ مەپتۇن،
بەخش ئەيلەپ تېتىكلىكنى، كۆڭۈلنى ئويغىتار، گۈلنار.

بۇ سۆيگۈ، ئىشقىمى كۆڭلۈمدىكى، تەرىپ ئېتەلمەيمەن،
ئۆزۈپ قىسماقنى ئىستەر زۇلپىقار بولغاچ خۇمار، گۈلنار.

1983 ـ يىل، 11 ـ ئاۋغۇست، قەشقەر

# گۈل تۇتتۇم ساڭا

يۇدى يامغۇر گۈل ـ چېچەك ھۆسنىنى، ئۈز كۈلدى جاھان،
بۇ ھاۋا پەيزىلىگەدىن يايرىدى قەلبىم شۇئان.

ئارىلاپ گۈلشەننى كەزدىم، سەيلى قىلدىم باغ ئارا،
تاللىدىم، رەيھاننى ئۈزدۈم، قەلبىمدە بىر ئۆي بار ناھان.

ئەسلىتەر رەيھان گۈزەل، ئاددىي قەلبنى ھەممىگە،
خۇشبۇيى بىھۇش ئېتەر مۇپتىلا دىلنى ھامان.

مەن ئېلىپ گۈلنى، گۈزەل جاناننى تاپتىم بىھايال،
(چۈنكى شۇ يارنىڭ ئوتى قەلبىم قېتىدا قاينىغان)

ئۈشبۇ گۈل ياپراغىدا چاقنايتى يامغۇر تامچىسى،
جىلۋىسى مەپتۇن ئېتەتتى كەچكى شەپەقتە ناگاھان.

چەكسىز ھۆرمەتتە دىلىم شاھىدىنى سۇندۇم ساڭا،
لەۋلىرىڭ گۈل بەرگىدەك قىلدى تەبەسسۇم شۇ ھامان.

زۇلپىقار سۇندى نىگار يانغان يۈرەكنى گۈل قىلىپ،
ئۇ تېخى ھېچبىر جانان ئىشقىدا بۇنچە يانمىغان.

1983 ـ يىل، 13 ـ ئاۋغۇست، قەشقەر

# شوخ جانانغا

ئاي دېسەم ئايدىن گۈزەل...
كۈن دېسەم كۈندىن...
— شوخ جانان

سەن بىھۇدە ماختىما ئاي دەپ مېنى،
بى تاكامۇل كىشىمەن، كۈنمۇ ئەمەس.
قىش ئەمەس باغرىم سوغۇق، ياكى تومۇز،
بار دىلىمدا نۇر ـ زىيا، تۈنمۇ ئەمەس.

زادى لى ئۇقماس كىشىدەك ئولتۇرۇپ،
ھەممىنى بىلسەڭمۇ خۇپسەن، سەن كەمەك!
مەن ئەمەس ئەۋرىشكە قونچاق ياكى بۇت،
كۆيدۇرۇپ، گاھ كۈلدۈرۈپ قىلما ئەمەك!

1983 ـ يىل، 13 ـ ئاۋغۇست، قەشقەر

# بىر قىزغا

گەر سېنىڭ كۆڭلۈڭچە بولسا، مەن سېنى سۆيسەم نىگار،
قانسا زارىڭ، بولمىساڭ تۈنلەردە ئانچە سەن بىدار.

مەن سېنى جەننەتۈلمەۋا ھۆرلىرى دەپ بىلمىدىم،
سېنى سۆيمەكنى تېخى سانىماسمەن ئېپتىخار.

دېمىگىن «كۆڭلى ئۈنىڭ گۈلخان مىسالى مەن ئۈچۈن»،
كىم نامازشام گۈللىرىدىن بولمىسۇن ئانچە بىزار؟

تەنتەنە قىل مەيلى، «بۈلبۈل بولدى — دەپ — پەرۋان ماڭا»،
بەڭگىمۇ شاھ بوپ چۈشەرمىش، چەكمەسمىش ئەسلا ئاھۇ - زار.

ئەخمەققە ئۈچراشسا نادان دەيدۇ: «مەن دۇنيادا بىر»،
ھېچقاچان ئاقىل دېرىزە گۈلىنى قىلماس خۇمار.

غايىلىك ئەرنىڭ خىلى تاغلاردىكى قار لەيلىسى،
بولمىغاي شۇڭلاشقا ئەسلا ھەشقىپىچەككە ئىنتىزار.

مەن ئەمەس دەردۇ - ئەسەر، ھەسرەت - پىراقسىز، ۋە لېكىن —
دىل بېرىپ كۆيگەن جانانىم «ئىرپان» ئېيتى بار ئۈز نىگار.

بۇ جاھان شۇنداق جاھان: ئىت خلى — ئىت، تاپ خىلى — زاغ،
نە ئۈچۈن بۈلبۈل تىكەن - ئازغانغا بولغاي دىلپىكار؟

بىباھا سۆيگۈ دېگەن، ئەرزان سېتىشقا بولمىغاي،
سانىماس «غايەمدىكى سۆيگۈم مۇشۇ» دەپ زۇلپىقار.
1983 - يىل، 9- ئاۋغۇست، قەشقەر

# غەزەل

مەن بەختتىن مەست ئىرۇرمەن، بەختىيار قىلدىڭ مېنى،
شۇنچە گۈللەر سەرخىلىسەن، ئىختىيار قىلدىڭ مېنى.

بىر كۆرۈپ كۆڭلۈم تۆرىدىن جاي ئېلىپ، قىلدىڭ ئەسىر،
ئىككى كۆرمەككە ئەجەپمۇ ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى.

گۈلنى ئۈز دەيدۇ، لېكىن گۈلنىڭمۇ باردۇر نۇقسىنى،
گۈلدە يوق خىسلەت بىلەن تۈن بىدار قىلدىڭ مېنى.

كۈن دېگەي شائىر گۈزەلنى كۆرسە ياكى دەيدۇ ئاي،
تەڭدىشىڭ كۈن، ئاي ئەمەس، ۋەسلى خۇمار قىلدىڭ مېنى.

تەمشىلىپ تۇرغان كىيىك تاشتىن قىياغا، شوخلىقىڭ،
ھەممىدىن شۇ شوخلىقىڭلە بەقارار قىلدىڭ مېنى.

ئىشقى پەيكانىڭ مېنىڭ قەلبىمنى چاك ئەتسە ئەگەر،
داد ئېتەرمەن: ۋەسلىگە تەشنائى ـ زار قىلدىڭ مېنى.

زۇلپىقار يازماس شېىر قەلبىدە بىر ئوت بولمىسا،
ئەقلى ـ ھوشۇم ئەپقېچىپ بى ئىختىيار قىلدىڭ مېنى.

1983 ـ يىل، 20 ـ سىنتەبىر، ئۈرۈمچى

# خىيالىمدا

بولۇپ ھەمرا سىنىڭ بىرلە سەير ئەتتىم خىيالىمدا،
چىمەندە قوغلىشىپ ئويناپ، ساڭا يەتتىم، خىيالىمدا.

كۈلۈپ تاڭ سۈبھىسى، مەشرىق سۈزۈلگەن چاغ بولۇپ ئاخىر،
«خەير، سۆيگەن نىگارىم» دەپ، ئۈزاپ كەتتىم، خىيالىمدا.

لېكىن بۇ ئايرىلىش تىلدى يۈرەك ـ باغرىمنى چاك ئەتتى،
چىدالماي بۇ جۇدالىققا پىغان چەكتىم خىيالىمدا.

ئېشىپ تاغ ۋە داۋانلاردىن ئۈچۈپ كەلدىم بولۇپ سۇمرۇغ،
قىلاي دەپ ئوت يۈرەكىمنى ساڭا تەقدىم، خىيالىمدا.

تۇرار ئاھۇ كۆزۈڭ چاقناپ، چىرايىڭ خۇددى نۇر ئاپتاپ،
كۆرۈندى كۆز نۇرۇڭدىن دەل مېنىڭ بەختىم، خىيالىمدا.

تەپەككۇر كۆكىدە كەزسەم، سېنى يادىمغا كەلتۇرسەم،
شېرىن ئەسلەشتە چاغ ئۆتكەي مېنىڭ ۋەختىم، خىيالىمدا.

بەختىنىڭ تاجىسى سەن سەن، سېنىڭسىز مەنىسىز دۇنيا،
سېنىڭ ۋەسلىڭ شۇڭا يارىم، مېنىڭ تەختىم، خىيالىمدا.

ئەگەر گۈل بولمىسا بۇلبۇل پىغانلىق سايرىماس مۇنچە،
دېدىكى زۇلپىقار: ۋەسلىڭ شۇئار ئەتتىم خىيالىمدا.

1983 ـ يىل، 22 ـ سىنتەبىر، ئۈرۈمچى

# غەزەل

(بىر مۇلازىم قىزغا)

قىلۇرسىز ھەر مۇساپىرغا ئانالىق مېھرىدە خىزمەت،
بۇ شەپقەت گۈللىرى ھەربىر كۆڭۈل ئېكرانىدا زىننەت.

تەشەككۇر ئەيلىمەك بولغان ئىدىم شەپقەتكە چىن دىلدىن،
تىلىم لال بولدى، سۆز قىلماق تۇيۇلدى زەپ ھەشەم ـ مېھنەت.

ئەگەر لال بولمىسا تىلىمۇ، قەلەممۇ، مەن يېزىپ داستان —
نامايان ئەيلىسەم ئاقدىل پەرىنى، كۆرسىتىپ ھۆرمەت.

قىلۇرمەن كۆپ ـ تولا ئەپسۇس، تەرىپ بولماس كۆڭۈل رايى،
بۇ ئاقدىل — يۇزچە داستاندىن ۋە رەھمەتتىن يەنە قىممەت.

قويۇپ كەتمەككە يول يوقكىم، كېتۇرمەن ئېپ كۆڭۈل ھېسسىن،
بىر ھېسكى، ئاشكار ئەتمەي، ناھان تۇتماقمۇ كۆپ لەززەت.

1984 ـ يىل، 20 ـ مارت، ئۈرۈمچى

# مەخپىي ئۇچرىشىش

يېڭىدىن كۆيدى دىلىم ھۆسنۈڭنى، گۈل، قايتا كۆرۈپ،
قەلبى تارىم تىترىدى، رەڭگىمۇ كەتتى ئۆزگۈرۈپ.
ئويلىغانمەن ئەسلىدە: كۆرسەم يەنە گۈل پەسلىدە،
گۈل تاماشاسى قىلىپ كەلمەمدىمەن پەيزى سۈرۈپ.
بولمىدى ھېچ جۈرئىتىم ماھى تابانىڭ باقىلى،
بىر ساياق تايدەك گويا كەتتىم يېنىڭدىن يۈگۈرۈپ.
تۈيدىمۇ قەلبىڭ سېنىڭ ئىشقى سىرىمنى، بىلمىدىم،
ئىشق ئەھلىگە جاپا سېپ قويدۇڭ يېقىملىق بىر كۈلۈپ.
ئاشۇ كۈلكەڭدىن ماڭا ياماشتى ئاتەش، ۋا دەرىخ،
ئەيلىدىڭ كۈل ئاشىقىڭنى ئوت ئىچرە ئۆرتەپ، كۆيدۈرۈپ.
بىلمىدىم، سۆيگۈ دېگەن بىر يولى ھەسرەتمۇ ئۆزى؟
گاھى يىغلاتسا، ناگان قويمامدىغاندۇ كۈلدۈرۈپ؟
زۇلپىقار قىلدى ساڭا ئاخىر چىدالماي ئىلتىجا:
بىر سۆيۈپ، مەيلى مېنى قويغىن پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈپ!

1984 - يىل، 26 - دىكابىر، ئاتۇش

# غەزەل

بىر گۈلىستاندا گويا سەرخىل ئېچىلغان غۇنچىسەن،
ياكى ئوكيان تەكتىدىن كۆككە سېچىلغان ئۈنچىسەن.

لەۋلىرىڭ يامغۇر سۈيى يۇغان قىزىلگۈل، بىغۇبار،
سەرۋى دەر شائىر بويۇڭنى، سەرۋى قامەت شۇنچىسەن.

تەلمۈرۈپ باقتىم ساڭا، قىلغاچ دىلىمنى مەھلىيا،
بىر قاراپ كۈلگىن يەنە، تۈرمە قاپاقنى مۇنچىسەن.

بىر گۈلىستان پەيزى بار ھۆسنۈڭدە ئەي قىز، ئەي پەرى،
باق ماڭا بىر، دېمىگىن: تۇرقۇڭ غەلەت، مەجنۇنچىسەن.

گەر مۇھەببەت پەيكىنى باغرىمنى چاك ـ چاك ئەتمىسە،
زۇلپىقار ئېيتارمىدى: ئىشق ئەھلىگە گۈلگۈنچىسەن.

1984 ـ يىل، دىكابىر، ئاتۇش، شورۇق.

# غەزەل

گۈل تاماشاسى قىلار ھەممە كىشى كەلسە باھار،
ۋە لېكىن مىسكىن دىلىم قىلماس پەسىلگە ئېتىبار.

مەن ئۈچۈن ۋەسلى باھار كۆيگەن نىگار ئاستانىسى،
يوقسە ئۇ، بولماس دىلىم گۈلشەنگىمۇ ھېچ ئىنتىزار.

بىر گۈزەل گۈلزارغا تەڭ ھۆسنى ئۇنىڭ ئاشىق ئۈچۈن،
بىر ئۆزى مىڭ گۈل بولۇپ چاچقاي ئەجەپ مۇشكى ـ ئىپار.

تەڭدىشى يوق بىر شىپالىق دورادۇر يارنىڭ بۇيى،
تاپقۇسى جىسمىم شىپاھ بولسامۇ مەن قاتتىق بىمار.

شۇ ئۇزۇن زۇلپى — گۈلىستان سۇمبۇلى، مەجنۇنتېلى،
بۇ گۈزەل گۈلشەنگە نىچۈن بولمىسۇن قەلبىم خۇمار؟

گۈل — مېنىڭ ۋەسلىم، جېنىم، ئارزۇمىمۇ شۇ، بەختىمىمۇ شۇ،
دەپ گۈلىستانلار ئارا نەزمە ئوقۇيدۇ زۇلپىقار.

1984 ـ يىل، دىكابىر، ئاتۇش، شورۇق.

# غەزەل

زىلۋا قەددىڭنى كۆرەرمەن كۆز يۇمۇپ قىلسام خىيال،
سەن بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ ئىزدەپ جاۋاپ، سوراپ سوئال.

نىمە ئانچە ئۇز يارالغان سەرۋ قامەت پەرى سەن؟
گەر سېنى كۆرسە سۇلايمانمۇ يۇرەلمەس بىمالال.

ئاپىرىن، تەڭرىگە، بۇنداقمۇ كارامەت بار ئىكەن،
سېنى بىر كۆرسە كىشى بولماس نىچۇك ئاشۇفتەھال؟

تەڭرى ئەيلەپتۇ ئاتا ھۆسنۈڭگە لايىق ساچنىمۇ،
ساچنى سەن سىرتماق قىلىپ قىلدىڭ كىشىگە كۆپ ئۇۋال.

كۆزلىرىڭدە مىڭ قوياش تەپتى، نۇرى بار، پارلىغان،
ئاشۇ ئوتتىن ئوت تۇتاشسا دىلغا گەر، بار نە ئامال؟

پۇتتىمۇ ياكى خۇدا جىسمىڭنى ئاتەشتىن سېنىڭ؟
بىر قاراپ ئوت ئىلكىدە چەكتىم پىراق، ساھىپجامال.

زۇلپىقار تاشلاپ نىگاھ ئالدى چىرايىڭدىن ھوزۇر،
بۇنچە زوقنى سەيلىدىن ئالماق ئاسانمۇ، گەر مىسال؟

1984 ـ يىل، 1ـ دىكابىر، ئاتۇش، شورۇق.

# باھار، ئەجەپ سېغىندىم سېنى

قەھرىتاننىڭ سوغى ئۆتتىمۇ،
باھار، ئەجەپ سېغىندىم سېنى.
پۈرىغاندەك بولدى گۈللىرىڭ،
باھار، ئەجەپ سېغىندىم سېنى.

تۈنلەر ئارا نەزمىلەر قاتتىم،
يىراقلارغا تەلپۈنۈپ باقتىم،
خىيال دەريالىرىدا ئاقتىم
باھار، ئەجەپ سېغىندىم سېنى.

تۈيغۇلىرىم سېزەر خۇش ۋىسال،
تۈيىلىدۇ چىققاندەك شامال،
نورۇز پەيزى بېرىدۇ بۇ ھال،
باھار، ئەجەپ سېغىندىم سېنى.

كېلىشكەنمىز خەتتە ئەسلىدە،
كۆرۈشۈشكە باھار پەسلىدە،
ئاشۇ ۋىسال — ئارمان دەستىدە،
باھار، ئەجەپ سېغىندىم سېنى.

يارمۇ بەلكىم بولۇپ بىتاقەت،
ساناپ ئاي، كۈن، مىنۇت ۋە سائەت،
كۈتۈش جەبرى پۈككەندۇ قامەت،
باھار، ئەجەپ سېغىندىم سېنى.

يۇرتنى قۇچساڭ ھارارىتىڭدە،
كەلسە يارىم قىياپىتىڭدە،
بولساق بىللە زىيارىتىڭدە،
باھار، ئەجەپ سېغىندىم سېنى.

قانسا ۋىسال تەشناسى دىللار،
خوشاللىقتىن سايرىسا تىللار،
ئۆتسە كېيىن بەختلىك يىللار،
باھار، ئەجەپ سېغىندىم سېنى.

1985 - يىل، 22 - يانۋار، ئاتۇش، شورۇق.

# ئايدىڭ كېچىدىكى ئەسلەش

ئاي ئۈزەر كۆكتە — سامانىڭ قەرىدە،
ئاي بىلەن بىللە خىيالىم سەيلىدە.

قارىسام ئاينىڭ جامالىغا، هامان —
كېلىدۇ يادىمغا يار، ماهى تابان.

مەن ماڭار چاغدا ئۇزاتقان ئۇ مېنى —
سىردىشىپ ئايدىڭ كېچە، ھارپا كۈنى.

ئارىلاپ كەزگەن ئىدۇق باغ ۋە ئېتىز،
جۈپ يۈرەكلەر ئوت بولۇپ، سوقاتتى تېز.

قالغىنى يادىمدا ئۇ نۇسرەت تىلەپ،
كۆز نۇرىدا مېهرى بىرلە پەپىلەپ.

هەر قېتىم ئايدىڭ كېچىدە سېغىنىپ
سېنى ئەسلەيمەن، نىگار، ئايغا بېقىپ.

1985 ـ يىل، 4 ـ فېۋرال، ئاتۇش، شورۇق.

# غەزەل

كوچىدا كۆردۈم سېنى، يار، بى تۇيۇق،
ئۆلگۈرۈپ ئانچە تېخى كۆرمەي تولۇق؛

قاشلىرىڭ گويا ساداق — بىر يا بولۇپ،
تەگدى كىرپىك ئوقلىرىڭ، قالدى سۇنۇق.

ئايرىلىشقا تاس قېلىپ جاندىن تۆگەل،
بولدى كۆز ئالدىم قاراڭغۇ، گاھ يورۇق.

گەرچە بولساڭمۇ نىگاھ بىر تاشلىغان،
خۇددى كۆيگەن نوتىدەك بولدۇم قۇرۇق.

قىپ ـ قىزىل بىر پارچە چوغ چۈشتى شۇ دەم،
تا بېشىمدىن كۆيدۈرۈپ، گوياكى ئوق.

«شۇۋ» قىلىپ قالدى يۈرەك، لال بولدى تىل،
بولدى خۇددى تېز قېچىشقا بۇيرۇق.

زۇلپىقار ھۆركەكەك بۆجەندەك قاچتى تېز،
«... قوش كۆرۈنگەن» ۋەھىمە ھۆسنۈڭچە يوق.

1985 ـ يىل، 9ـ، 12 ـ فېۋرال، ئاتۇش، شورۇق.

# بېغىشلىما

(تۇنجى پوۋېستلار توپلامىمغا)

ئەتىۋادۇر ھەممىسىلا يېڭىنىڭ:
يېڭى مېۋە، تۇنجى چېچەك، تۇنجى قار.
ئىنسان دىلى تۆرىدە بىر سۇلتانكى،
تۇنجى سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى، تۇنجى يار.

ئۆتەر ياشلىق ھەر بىر ئىنسان بېشىدىن،
ياشلىقىدا بولۇر سۆيگەن جانانى.
ھەر كۆڭۈلدە لەززەت ھەم داغ قالدۇرغان،
تېگىپ ئاڭا مۇھەببەتنىڭ پەيكانى.

بېغىشلايمەن كىتابىمنى چىن دىلدىن
دەسلەپكى مۇھەببىتىم ـ يارىمغا.
مەن دېڭىزدىن دۇردانىلەر سۈزگەندە
ئىلھام بېرەر كېلىپ ھەردەم يادىمغا.

1985 ـ يىل، 31 ـ مارت، ئاتۇش، شورۇق.

# غەزەللەر

كېلىشىپ خالىغا، ئىمكانىنى تېپىپ مۇڭداشقىلى،
باشلىدۇق سۆھبەتنى مەنزىل تاغلىرىدىن ئاشقىلى.

ئۆرۈلۈپ ئۆپكەم ئاشۇ دەم، نەپەسىم تېزلەشتى خوپ،
ھېسسىياتىم ئۇلغىيىپ تۈردى تېنىمدىن تاشقىلى.

ئۇندىدى قەلبىم، سېنىڭ بوينۇڭغا سالماققا گېرە،
ئاشۇ چاغ مۇمكىنمىدى بۇ ۋەسۋەسەنى باسقىلى؟

قانچە ئىنتىلدىم سېنىڭ ساچىڭنى ئويناشقا نىگار،
ياكى ئاغزىمدىن لاۋانى لەۋلىرىڭگە چاچقىلى.

ئەنسىرەپ ئەمما سېنى، يار، رەنجىتىپ قويماس ئۈچۈن،
تەستە بەس كەلدىم كۆڭۈل ئېتىمغا نوختا سالغىلى.

ئاخىرى لەۋ تامشىدىم ئارمانلىرىم قالدى ناھان،
سوڭغى رەت لەۋ جامىدىن مەي ئىچكىلى، مەست بولغىلى.

**

بىر قارا، ھۆسنۈ ـ جامالىڭنى تۇگەل يادلاپ ئالاي،
ئۇيقۇسىز كەچلەردە ھەردەم سەن بىلەن ھەمرا بولاي.

ھەر كۆزۈمنى يۇمغىنىمدا كەلسە ئالدىمغا بويۇڭ،
روھى دۇنيا ئىچرە سۆھبەت قىلىبان، خوش بوپ قالاي.

بىر قارا، كىرپىك ئوقۇڭنى مەيلى ئات كۆكسۇم تامان،
مەلھەمىنى ئاختۇرۇپ مەن قايتا يانىڭغا باراي.

لەۋلىرىڭدىن بال ئىچۇرسەڭ تاپقۇسى كۆڭلۇم شىپا،
بىر قارا، بىردەم قارا، مەنمۇ يۈزۈڭگە بىر قاراي.

زۇلپىقار ئېيتار: ۋىسالىڭ مەن ئۇچۇن بولدى شۇئار،
كۇتكىنىم، كۇتكەن سېنى، كۇتسەم سېنى نىچۇن تالاي؟

1985 - يىل، 9 - مارت، شەمبە، ئاتۇش، شورۇق.

# باھار دوقىلىدىكى ئۈچرىشىش

باھارنىڭ دوقىلى، تۈيۈلار ئىللىق،
ئۈچراشتۇق چۈنكى بىز، دىلدا ھاياجان.
يۈرەكنىڭ رىتىمى ساناپ سىكونتلار
كۈتكەنتىم يولۇڭغا قاراپ كۆپ زامان.
*
ئۆتتىڭسەن ئالدىمدىن ھۆرۈ ـ غىلماندەك،
ئەگەشتىم سايەڭدەك، يەتتىم ھەم قوغلاپ.
باققاندا جامالىڭ ماھىغا شۇ چاغ،
تۈيۈلدى گوياكى چىققاندەك ئاپتاپ.

ئىككىمىز خالىدا ئولتۇردۇق ئۇزاق،
يەشمەكچى بولۇشتۇق دىلدا تۈگۈننى.
بۇ ۋىسال بىتاقەت ئەيلىگەن مېنى،
ھەرقېتىم ئويلىغان چاغدا بۈگۈننى.

ئۇزاقتىن كۆڭۈلگە تىزىلغان سۆزلەر
تارتىنىش ئىچىدە بولغانتى غايىپ.
يۈرەكنى سىقاتتى ئۇزاق سۈكۈتلەر،
تىناتتۇق ھاسىراپ، قىزىق ئاجايىپ.

ئەي پەرى، تۈيدۇڭمۇ، شۇ چاغدا دىلىم
ئىنتىلگەن بىتاقەت قۇچاقلىرىڭغا.
ۋە لېكىن قاتقانتىم جانسىز بۈت كەبى،

مەست بولۇپ ئىپاردەك پۇراقلىرىڭغا.

ئىستەيتى ئىشتىياق تولغان يۈرىكىم
ئەركىلەپ سۆيۈشكە، ئەركىلىتىشكە ھەم.
ۋە لېكىن جۈرئىتىم بولمىدى ئۈنچە،
ئۆتمەكتە مىنۇتلار ئېزىز - مۇھتىرەم.

خوشلاشماق بولدۇق بىز ئاخىر نىھايەت،
تۇرۇشتۇق بىر ھازا تىكىلىپ ئۈنسىز.
ئىنتىلدىم قانچە رەت شۇ چاغدا يەنە،
باغرىڭغا ئۆزۈمنى ئاتماققا، ئەي قىز.

مۇھەببەت پەيكانى قىلغاچ ياردار،
يوق ئىدى مېنىڭدە ئۈنچىلىك مادار.
ئۈزاتتىم ، دىلىمدا قالدى ئارمىنىم،
تا قاراڭ يۈتكىچە قاراپ ئىنتىزار.

ئارتۇقچە مەي ئىچكەن كەبى مەست بولۇپ،
يۈردۈمەن بەختىنىڭ قۇچاقلىرىدا.
ئازابى كۆپ، لېكىن شېرىن مۇھەببەت،
تاۋلاشقا باشلىغان سىناقلىرىدا.

بىرىنچى ئۈيقۇسىز كېچە باشلىنىپ،
شېرىن چۈش خىيالى چولغىدى مېنى.
ئويلايتىم، دىلىمدا تەكرارلاپ تىلەك،
شۇ كېچە تۈن بويى چۈشەشكە سېنى.

ۋە لېكىن چۈش ئۈچۈن كېرەك ئۇخلىماق،
ئۈيقۇمنى تاپالماي قىلىمەن خىيال.

پايانسىز تەسەۋۋۇر سەھرالىرىدا،
ماڭا جۇر سىماسىلىڭ، ئەي ساھىپجامال.

ئۆمۈردىن ئۈزاقراق تۈنىمۇ تۈگىدى،
خورازلار ئېيىپ كەلدى تاڭدىن خۇشخەۋەر.
پاھ، جۇدۇن! باھارنىڭ دوقىلى بۇگۈن،
ئاق قىلىپ بېزەپتۇ يەرنى شۇ قەدەر.

ئۇرۇكنىڭ چېچىكى تۆكۈلگەن كەبى
ياغماقتا توختىماي يەنە ئاپپاق قار.
بىردىنلا مۇساپەڭ كەلدى يادىمغا،
«بۇ قاردا قانداقمۇ كېلەلەيدۇ يار؟»

قۇش بولۇپ خىيالىم كەتتى يېنىڭغا،
قار ساڭا غەمكىنلىك بەرمىسىدى دەپ.
مۇڭدىشىپ ئويۇمدا سەن بىلەن گويا،
كۆڭلۈڭنى ئاچقىلى كۈلەتتىم ھە دەپ.

پىغانىم ئۆرلىدى، سىقتى يۈرەكنى،
ئاققارغا تىكىلىپ تۇردۇم كۆپ، ئۇزاق.
ئاق يۈزۈڭ ئەسلىتىپ ئاشۇ قار ماڭا،
ئۇلغىيىپ باراتتى دىلدا ئىشتىياق.

بىلدىمەن، چۆلدەرەپ قالغۇدەك ئالەم
ئەگەر سەن بولمىساڭ، بولمىساڭ سەنلا!
ھاياتلىق تۇيغۇسى بېرەر نەپىسىڭ
مۇشۇ كەڭ دۇنياغا، كۆزلىرى شەھلا.

پىغانىم باسقىلى ئالدىم قەلەمنى

ئۇ ھەمرا ھەمىشە يالغۇزلىقىمغا.
قۇرلارغا تىزىمەن پىغانلىرىمنى،
مىسرالار ئايلىنار خوشاللىقىمغا.

1985 - يىل، 10 - مارت، يەكشەنبە، ئاتۇش، شورۇق.

# ئۆتتى تېخى بىر ھەپتە، لېكىن....

كۆرۈشكەندۇق، ھاياجاندا دىل —
پەپىلەنگەن بەخت قوينىدا.
ئۆتتى تېخى بىر ھەپتە، لېكىن —
نەچچە ئەسىر ئۆتكەندەك گويا.

ئۆتتى تېخى بىر ھەپتە، لېكىن —
تۈيۈلىدۇ غۇۋا چۈش كەبى.
ئۇ ئۇزاقتا قالغان بىر ئۆتمۈش،
خاتىرىسى تاتلىق ۋە سەبى.

ئۆتتى تېخى بىر ھەپتە، لېكىن —
ھەر مىنۇتنى سانايمەن يىل دەپ.
سېغىنىمەن قايتا كۆرۈشنى
ھەر نەپەستە شۇ كۈننى ئەسلەپ.

ئۆتتى تېخى بىر ھەپتە، لېكىن —
سېغىنىچتىن يۈرەكلىرىم داغ.
پەريادىمغا گۇۋا پەقەت شام،
ماڭا ئۇلپەت بولغاچقا ھەر چاغ.

قۇچار بەزەن ئاچچىق پۇشايمان
يۈرىكىمنى ئۆرتەپ، تاتىلاپ.
دەيمەن نىچۇن مۇڭداشمىدىم كۆپ،
كۆرمىدىمەن ئۇنى يېنىشلاپ.

لېكىن ئۇ چاغ بولغان ئىدىم لال،
سۆزلەشكە تىل كەلمەي بىمالال.
تېكىلىشكە بولسۇنمۇ جۈرئەت؟
تۇرسا پەرى، قاشلىرى ھىلال.

ئۆتتى تېخى بىر ھەپتە، لېكىن —
تولغىنىمەن ھىجران ئوتىدا.
بەزەن پۇشمان مالال قىلىدۇ،
قىينار مېنى ۋىجدان سوتىدا.

1985 ـ يىل، 16 ـ مارت،شەنبە، ئاتۇش، شورۇق.

# بۇ يوللار...

بۇ يوللار سوزۇلغان ئۇپۇققا قەدەر،
بىر ئۇچى يار ئۆيى، شۇنچىلىك يىراق.
يوللارنى كېسىدۇ شېغىللىق سايلار،
شۇنچىلىك ئىگىز ـ پەس، قايرىيدۇ ئاياق.
بۇ يولنىڭ جاپاسى تالدۇرار شۇنداق،
قانداقمۇ كېلىسەن، دىلبىرىم، ئاپپاق؟

بۇ يوللار ئىككى دىل ئارا تۇتاشقان
ئىلاھى بىر تۇستە باغلانغان رىشتە.
بۇ سېنىڭ ئۆيۈڭگە قايتىدىغان يول،
ساقلايمەن سېنى يار، ھەر شەنبە چۈشتە.
شاماللار ئىللىق ھىد ئېپ كېلەر بۇ ياق،
پۇرايمەن شامالنى، دىلبىرىم، ئاپپاق.

شۇڭلاشقا بىلىنمەس يولنىڭ سايلىقى،
يىراقلىق سالالماس دىلغا ۋەھىمە.
سايلاردا، توپىلىق يارلار ئىچىدە
ئىزىڭنى ئىزدەيمەن، جانان، ھەمىشە.
كۆزۈمگە تۇتىيا سەن باسقان تۇپراق،—
سەن باسقان يوللارمۇ، دىلبىرىم، ئاپپاق.

ئاراملىق سالقىنلار ئەۋەتەر گاھى
ھالىمغا ئېچىنغان دەريا بوغىزى.
كۈتىمەن، دەريانىڭ قىنىدا، سايدا،

قېنى ئۇ قەلبىمنىڭ يورۇق يۇلتۇزى؟
بىلمىدىم شۇ بۇگۈن ماڭدىڭكىن قانداق،
كەلمىدىڭ، مۇڭلاندىم، دىلبىرىم، ئاپپاق.

يوللارنىڭ تېشىنى سۆيدۇم ئاۋايلاپ،
ھەم ياقتىم كۆكسۇمگە، سۇرتتۇم كۆزۇمگە.
خوشلاشتىم، ھەردەمكى سىرداش ساي بىلەن،
مەيۇسلۇك ئىچىدىن كەلمەي ئۆزۇمگە.
لېكىن مەن كۇتىمەن شۇ سايدا ھەرۋاق،
مەيلى كەل، كەلمىگىن، دىلبىرىم ئاپپاق.

1985 ـ يىل، 23 ـ مارت، شەنبە، ئاتۇش، شورۇق.

# دەرتىنىڭ داۋاسى سەن سەن

سېغىنىچتىن تولغىناتتىم قىينىلىپ،
دايىم شۇڭا ئېغىر - ئېغىر تىناتتىم.
كۆكرىكىممۇ تار كەلگەندەك يۈرەككە
ئارام ئىزدەپ ھەر تامانغا چاپاتتىم.

كۆيۈك يامان دېسە بۇرۇن كونىلار،
ئىشەنمەيتىم، ياشلىقىمغا ئېلىپ مەن.
بىلدىم ئەمدى، دەردى يەتتى ۋە ئەزدى،
مۇشۇ دەرتنى تارتىۋېرىپ، تېلىپ مەن.

پەنگە رەخمەت، ئىجات ئەتكەن بىزگە ۋە —
مىليونلىغان تەشنالارغا بىر ھىكمەت؛
ئاشۇ ھىكمەت رىشتى بىزنى باغلىدى
تاپتىم سېنىڭ تاۋۇشۇڭدىن مەن جۈرئەت.

جۈرئەت تاپتىم، بەخت تاپتىم، ئامرىقىم،
سىم تاناپتا ئاقتى سۆيگۈ مىھرىمىز.
بولساقمۇ گەر يىراق - يىراق ئۆز ئارا،
سەن غەرپتە، ھەم شەرقتە بىرىمىز.

سۆيگۈ دېگەن شۇڭا تاتلىق، ئومىقىم،
ئۇ كۆمۈلگەچ ھەسرەت بىلەن، دەرت بىلەن.
شۇڭا سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن تولغانسام
سېزەر قەلبىم بىر لەززەتنى بەك بەلەن.

بۇ مۇھەببەت بەرسە مەيلى دەرت ماڭا،
ئازاپ ئىچرە يادلاپ ئۆتەي نامىڭنى.
ئەھدىم مەھكەم، ئەقىدەم چىن ۋەسلىڭگە،
ساقلا سەنمۇ چىن دىلىڭدا يارىڭنى.

ئۈمىد بىلەن ياشار ئىنسان دۇنيادا،
ئۈمىد رىشتە ئىنسان بىلەن ھاياتقا.
سەنلا مېنىڭ دەرتلىرىمنىڭ داۋاسى
ئاشۇ ئۈمىد ئۈندەر مېنى ساباتقا.

1985 ـ يىل، 17 ـ ئاپرىل، ئاتۇش، شورۇق.

# مېنىڭ بەختىم — سېنىڭ تىنىقىڭ

بەخت دېگەن بەك مۇقەددەس، ۋە لېكىن —
كۆرۈنمەيدۇ، ئۆزى مەۋھۇم بىر ئۇقۇم.
كۆرۈنمەيمۇ سۆيۈندۈرەر كىشىنى،
بەك ئىنتىزار قىلار ۋەسلى ھەم چوقۇم.

بەخت بولدى شۇ تاپ ماڭا، ئامرىقىم،
سېنىڭ نەپەس ـ تىنىقىڭنى ئاڭلىماق.
بەخت بولدى تۈنلەر ئارا نەزمەمدە
سېنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىڭ داڭلىماق.

تىنىق دېگەن جانلىقلاردا بار نەرسە،
تىنىق دېسە كىم ئېيتىدۇ: مۇھتەرەم؟
لېكىن سېنىڭ تىنىقلىرىڭ دىلىمدا
قوزغار شادلىق، ھايات زوقى ۋە ئەلەم.

لېكىن دايىم نېسىپ بولماس ئاڭلاشمۇ،
ساڭا ئاددىي، ماڭا ئېزىز شۇ تىنىق.
كۆرۈشكەندە نەپەسىڭنى تىڭشىسام
دېمە، يارىم، مېنى چەندان بەتقىلىق.

كۆرۈنەرمىش ئايدەك بولۇپ تېزەكمۇ
كۆيگەن كىشى كۆزى بىلەن قارىسا.
ماڭا نىچۈن بىلىنمىسۇن مۇقەددەس
قۇلىقىمغا تىنىقلىرىڭ ئاڭلانسا؟

بەخت ماڭا تېنىقىڭنى ئاڭلىماق،
قىلالىمايمەن بۇندىن ئارتۇق تەسەۋۋۇر.
ئەگەر يەتسەم ئىنتىزارىم — ۋەسلىڭگە ـ
ئۆلەمدىمكىن، خوشاللىقتىن ئەيتاۋۇر.

لېكىن تەقدىر سېپىل سوققان ئارىغا،
ئەمما مۇتلەق ئەمەس بەزەن تەقدىرمۇ.
ماڭا ياتتۇر تەقدىرىمدىن زارلىماق،
ئىشىنىمەن، رول ئوينايدۇ تەدبىرمۇ!

1985 ـ يىل، 17 ـ ئاپرىل، ئاتۇش، شورۇق.

# نىمە ئانچە سىرلىق تۇيغۇ مۇھەببەت؟

نىمە ئانچە سىرلىق تۇيغۇ مۇھەببەت؟
كۆڭۈللەرگە سالار خوشلۇق، ۋەسۋەسە.
شادلىق بىلەن يانسا بەزەن يۈرەكلەر،
ۋەسۋەسىسى ئۆرتەر دىلنى بىر ھەسسە.

بۇ تۇيغۇغا ئەسىر بولغان ئادەمگە
تۇيۇلىدۇ ھايات شۇنچە ئاجايىپ.
چۈشلەر ئارا كۆرسە ياكى ئويلىسا
ئاللىقانداق قايغۇلىرى بوپ غايىپ.

كىم ھاياتتا ھەمرا بولدى سۆيگۈگە
ھەسرەت چەكمەي ۋىسال قۇچقان بىرى يوق.
ۋەسلى مەلھەم بولسا كۆيگەن يارىغا،
ھىجران تەگدى يۈرىكىگە بولۇپ ئوق.

مۇشۇ تۇيغۇ مۇپتىلاسى بولغانلار
باتۇر بولار، چۈشكۈنلىشەر ۋە گاھى.
قۇچسا بىرى يار شەنىگە شەرەپلەر،
بىرسى جاندىن كەچتى، چىقتى ئاھ ـ ۋاھى.

ماڭا سىنىڭ قاراشلىرىڭ ئامرىقىم، ـ
بەخش ئېتەر ياشاش ئۈچۈن جاسارەت.
ساڭا سۆيگۇ قەسىرىسى ياسايمەن،
قەلىمىمدە بىنا قىلىپ ئىمارەت.

ھەم ئۆزەمنىڭ خوشاللىقى، ھەم ئەلنىڭ —
ساداقەتتە مۇھەببىتىڭ كۈيلىمەك.
شۇ سۆيگۈنىڭ ئىلھامىدىن ئىشىمدا
ئەڭ ئاداققى مەنزىللەرنى كۆزلىمەك.

گۈلنىڭ ئىشقى سايرىتارمىش بۇلبۇلنى،
گۈل بولمىسا سايرارمىدى بۇلبۇلمۇ؟
سېنىڭ ئىشقىڭ شائىر قىلدى مېنى، يار،
قىلدى ئىجاد مەيدانىدا دۇلدۇلمۇ.

نېمە ئانچە سىرلىق تۇيغۇ مۇھەببەت؟
شۇ تۇيغۇدىن كىشى كۆڭلى سۇ ئىچەر.
بەخت بەرسە مۇشۇ تۇيغۇ ئىنسانغا
ئازاپنى دەپ كىم ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەر؟

1985 ـ يىل،22 ـ ئاپرىل، ئاتۇش، شورۇق.

# ئايرىلغاندا

شادلىق بىزگە قۇچاق ئېچىپ ئۇچراشساق،
ۋاقت ئۆتەر شۇنچە ئۇچقۇر، شۇنچە تېز.
مۇشۇ ۋىسال مىنۇتلىرى بوپ غايىپ،
قالار دىلدا غۇۋۋا چۈشتەك تۇتۇق ئىز.

شۇڭا دائىم ئۇچراشقاندا سەن بىلەن
ئايرىلىشتىن بېشىم قاتار قەۋەتلا.
ۋىسال ئۇچۇن ئاياپ تەقدىر ئىنايەت،
ھىجران ئۇچۇن ئايانماسكەن پەقەتلا.

كەتكىنىڭدە خەيرلىشىپ قېشىمدىن
ھەردەم مېنى قىينار ئۇنسىز بىر يىغا.
بوغۇزىمدا تۇرۇپ قالار ئاۋازىم،
ياشلىرىممۇ ئېقىپ چىقماس تېشىغا.

شۇ چاغ كېتەر گويا مېنىڭ قېشىمدىن
ئەتراپتىكى جىمى جانلىق، مەۋجۇدات.
كېتەر ھەتتا يۈرىكىمنىڭ تېڭىمۇ.
ھىجران ئىچرە چېكەر قەلبىم ئاھ ـ پەريات.

بۇ تەنھالىق شۇنچە يوچۇن، شۇنچە يات،
يوقتۇر بۇنداق يالغۇزلۇقنىڭ تەڭدىشى.
مەن ئۆزەمنى سېزىمەن كەڭ بىر چۆلدە،
بۇ چۆللۈكتە يوقتۇر ئۆزگە ھېچكىشى.

سايىداشقا يوقتۇر بىرەر گىيامۇ،
يا خارابە تاملار، ياكى تاغ ـ ئىدىر...
يا تامچە سۇ، ياكى يامغۇر، يا بۇلۇت،...
ھەريان باقسام ھېچنەرسە يوق بەرىبىر!

چۈشۈمىمۇ بۇ؟ دەيمەن بەزەن ئۆزۈمگە،
ئويغىنىشقا ئۇرىنىمەن تىپىرلاپ.
ئىھ ئاشۇ چاغ كەلسەڭ ئىدىڭ قېشىمغا،
ۋە ئويغاتساڭ مېنى تاتلىق قىچىقلاپ.
1985 ـ يىل،22 ـ ئاپرىل، ئاتۇش، شورۇق.

# كالىندارىكى بەخت بەلگىسى

ھىجران چېغى،
كۆزلىرىمدە ياش،
بىر نۇقتىغا تىكىلگەن جىمجىت.
كۆز نۇرۇمدا ئىزلەيمەن ئىزلار
پىغانىمنى قىلاي دەپ بىتچىت.

ئىز ـ ئىزلەيمەن، قوزغاشقا دىلدا—
ساڭا تالىق تاتلىق ئەسلىمە.
ھىجران تېغى باسقاچ دىلىمنى،
زەربىلىرى سېلىپ ۋەھىمە.

قايسى كۈنى ئۈچراشتۇق خوشال،
بەختىمىزدىن مەست بولۇپ كۈلدۇق؛
قايسى چاغدا كۆرۈپ يىراقتىن
ئىشارىدە مەخسەتنى بىلدۇق؛...

ھەر كۈنىدە بىردىن بەلگە بار،
كالىندارغا سىزغانمەن تۈگەل.
كۆردۈم بۈگۈن شۇ بەلگىلەرنى،
كۆز ئالدىمغا كەلدىڭسەن، گۈزەل.

كىم چۈشەنگەي بۇ بەلگىلەرنى؟
(رەقەملەرگە سىزىلغان چەمبەر)
لېكىن ماڭا ئەسلىتەر شۇنى:

ۋىسال قۇچقان شۇ كۈندە، دىلبەر.

تىكىلىمەن شۇ بەلگىلەرگە،
ئەسلىمىلەر كېلىدۇ بىر - بىر.
خىيال قۇشۇم ئۇچۇپ يىراققا،
سېنىڭ بىلەن قىلىدۇ سەيىر.

بۇ بەلگىلەر ئاددىي بەلگىلەر،
ئەمما ماڭا بەخت بەلگىسى.
كەچمىشلەرنى ئەسلىتىدۇ ئۇ،
ئايان بولار يەنە كەلگۈسى.

ئارمان تولا ئىنسان دىلىدا،
ئەمما ئازدۇر ئىشقا ئاشقىنى.
ئەگەر بولسا قىسمىتىڭ تەتۈر،
بەرباد قىلار تەقدىر تاشقىنى.

تەزدى مېنىڭ ۋىسال گۈللىرىم،
قالدى سۆيگۈ دىلدا داغ بولۇپ.
بەلگە قالدى كالىندارىمدا،
خوشال چاغدىن يالداما بولۇپ.
1985 - يىل،27 - ئاپرىل، ئاتۇش، شورۇق.

# سۇمرۇغ بولسام ئەگەر بىر كۈنلا...

چۆچەكلەردىن ئاڭلايتتىم بۇرۇن
(سەبى ۋاقتىم، خىيالىم ئۇچقۇر)،
چۆچەكتەكلا ئىدى خىيالىم،
ماڭا تەسىر قىلغاچقا چوڭقۇر.

ئېيتىلاتتى چۆچەكلەردە كۆپ:
«سۇمرۇغ دېگەن بىر قۇش بار ئىكەن،
بويى ئۇنىڭ تاغ قىياسىدەك،
قاناتلىرى گوياكى يەلكەن.

ئۇچار ئىمىش سۇمرۇغ بىمالال،
باتۇرلارنى يۈدۈپ ئۈستىگە.
ئۆتەر ئىمىش ئۇچۇپ دېڭىزدىن،
تىلسىملارنىڭ ئۇ بىر چېتىگە...»

سۇمرۇغ بولسام ئەگەر بىر كۈنلا
ئۇچۇپ كەتسەم، يار، سېنى ئېلىپ.
ئەتسەك مۇشۇ دۇنيانى تەرك،
ماكانلاشساق تاغلارغا بېرىپ.

قات ـ قات تاغلار ئىچىدە بولسا
چىمەنزارلىق، بۈككىدە ئورمان.
بۇلاق سۈيى ئاقسا شىلدىرلاپ،
بۇغا ـ مارال يۈرسە خىرامان.

ياغاچلاردىن ياسىساق كەپە،
تېرىلەرنى قىلساق سېلىنچا.
ياكى ياتساق چىمەن ئۈستىدە،
كۆك ئاسماننى قىلىپ يېپىنچا.

سەزمەس ئىدۇق يالغۇزلۇقنى ھېچ،
مارالـلارنى قىلاتتۇق ئۆلپەت.
كېيىكلەردەك سەكرىشىپ بىزمۇ،
روھەن زادى چەكمەيتۇق كۆلپەت.

ئورمانلاردا قوغلىشىپ ھارماي،
گاھ چېچىشساق بۇلاق سۈيىنى.
گاھى قىيا ئۈستىگە چىقىپ
ياڭراتساق شاد يۈرەك كۈيىنى...

خالى ئىدى بۇ يەر غەيۋەتتىن،
ھەسەتخورلۇق كېلەلمەيتى ھېچ.
پەقەت سۆيگۈ، سۆيگۈلا بولۇپ،
كۈندەشلىككە چېپىلغان قىلىچ.

دەككە ـ دۈككە يات ئىدى دىلغا،
چۈنكى بۇ يەر بىزنىڭلا دۇنيا.
پادىشا ھەم پۇخرا ئۆزىمىز،
تالاشمايتۇق، بىر ئىدۇق گويا.

گەرچە نامرات ئۆتسىمۇ تۇرمۇش،
كۆڭۈللەر توق، ئىدى مەنالىق.
شۇنداق بەخت يار بولسا بىزگە

مەيلى ئىدى قىلساق گادالىق...

سۇمرۇغ بولسام ئەگەر بىر كۈنلا
سېنى ئېلىپ ئۇچۇپ كېتەتتىم.
يامان كۆز ھەم يامان سۆزلەرنى
بىر يوللىلا تەرك ئېتەتتىم.

1985 - يىل، 27 - ئاپرېل، شەنبە، ئاتۇش، شورۇق.

# بەخت ئٸلىپ كەلگەن پوچتالىيٶن

تىپىرلايدٷ يٷرىكىم ھەر كٷن،
ئٶيقٷ كەلمەي ۋە يا ئٶزاق تٷن.
تاڭغا شٷنچە بولٷپ ئىنتىزار،
دەيمەن دائىم «چوقٷم بار بٷگٷن!»

نەچچە چىقىپ ئىشىك ئالدىغا
تىكىلىمەن يوللارغا ئٶزاق.
ھاياجاندىن تىترەر ۋٶجٷدٷم
پوچتالىيٶن كەلگەندە ھەرۋاق.

ئٷمىد بىلەن كٶتٷپ ئالىمەن،
گٸلىم قٷرٷپ، لٸۋىمنى تامشىپ.
سومكىسىنى ئاختٷرغاندا ئٶ
بويٶن سوزٷپ، بىللە قارىشىپ.

بىكار بولٷپ چىقىدٷ لٸكىن
كٷنلەر، تٷنلەر بويى كٷتكىنىم.
كٸلەر پەقەت گٸزىت ۋە ژٷرنال، -
باشقا خەتلەر شٷنداق بى تىنىم.

سٸنىڭ خٸتىڭ مٸنىڭ كٷتكىنىم،
ئاشٷ خەتلا كەلمەيدٷ زادى.
يا ئٶنٷتتٷڭ، يا يٷتتى خٸتىڭ،
گٷلگە ناھان بٷلبٷل پەريادى.

سېنىڭ خېتىڭ يوق بولۇپ چىقسا
كۆڭلۈم مەيۇس بولۇر «لەسسىدە».
ۋەدە بەرگەن خەت يېزىشقا سەن
ئەڭ ئاخىرقى ۋىسال پەيتىدە.

قېنى سېنىڭ يازغان خەتلىرىڭ؟
قېنى ماڭا بەخت باغىقى؟
قاچانغىچە كۈتىمەن سېنى،
بۇ كۈتۈشنىڭ يوقمۇ ئايىقى؟

لېكىن ئاچچىق قىلسامىمۇ قانچە
زېرىكمىدىم كۈتىۋېرىشتىن.
كەلسە پوچتا يۈگرەپ چىقىمەن
قولنى ئۈزۈپ ھەر زۆرۈر ئىشتىن.

بويۇن قىسىپ قالىمەن يەنە
بوسۇغىدا بىر ھازاغىچە.
پوچتاليۇننى ئۈزىتىپ مەيۇس،
قاراپ شۇ يان كۆزۈم تالغىچە.

بەخت ئېلىپ كەلگىن پوچتاليۇن،
ئەۋلىياسەن شۇ تاپتا ماڭا.
ياتلار مەيلى كۈلسە كۈلۈشسۇن،
مەبۇد بىلىپ چوقۇناي ساڭا.

1985 ـ يىل، 2 ـ ماي، پەيشەمبە، ئاتۇش، شورۇق.

# چاخچاق ئەمەس ئىدى شۇ سۆزۈم

خىيالىمدا قۇچاتتىم ۋىسال،
قىلار ئىدىم سەن بىلەن سەيلى.
گۈلشەنلەرنى كېزەتتىم خوشال،
سوغا ئۈچۈن ئۈزەتتىم لەيلى.

سۈمبۈل چېچىڭ چاچاتتى ئىپار،
باغلىۋالسام ئۆزۈمنى ساڭا.
يوقتەك ئىدى تەسەۋۋۇرۇمدا
بۇندىن ئارتۇق بەختىمۇ ماڭا.

باغلالمىدىم چېچىڭدا بوينۇم،
چىرمىششقا بولمىدى نېسىپ.
ھىجران بىزنى ئايرىپ بى ۋاقت،
پارە بولدى يۈرەك ئۆرتىنىپ.

شۇڭا ساڭا ئاخىرقى دەمدە
دېدىم: بىر تال چېچىڭنى بەرگىن.
باغلاپ ئالاي بوينۇمنى شۇندا، -
دېسەم پەرۋا قىلمىدىڭ لېكىن.

چاخچاق ئەمەس ئىدى شۇ سۆزۈم،
ئىدى ئاشۇ ئاداقىقى ئارزۇ.
ناز - كەرەشمە بولدى جاۋابىڭ،
شۇنچە تاتلىق، شېرىن، تەۋەززۇ.

ئېيتقارغا ئېلىپ شۇ سۆزنى
ئەۋەتەرسەن بىر تال ئۇزۇن چاچ.
بۇ تەلەپنى قويدۇم پەقەتلا—
ۋەسلىڭ ئۈچۈن مەجنۇنە بولغاچ.

1985 ـ يىل، 30 ـ ئاپرىل، سەيشەمبە، ئاتۇش، شورۇق.

# پۇشايمان

«ئەل قىساسۇ- مىنەلھەق» راست سۆز ئىكەن،
قىلمىشىمغا لايىق بولدى جازايىم.
ئاھ چەككەننىڭ تۇتتى ئاھى - قىساسى،
دېمىدىم مەن شۇڭا: نېمە گۇناھىم؟

بەڭۋاش كۆڭلۈم ئېزىقتۇردى ئەقلىمنى،
ۋابال قىلدىم بىر ئاجىزە نىگارغا.
ياكى قەدىر - قىممىتىنى بىلمىدىم،
بىچارىنى قويدۇم شۇنداق ئاھ- زارغا.

يۈرىكىنى ئەلەم بىلەن ئۆرتىدىم،
غۇنچە گويا خازان بولدى سولىشىپ.
ئۆڭدى ئۇنىڭ پەرى يەڭلىغ چىرايى،
دەسسەلگەندەك گۈلنىڭ بەرگى پۈلىشىپ.

ھېچ تۇتامسىز سەۋەپ بىلەن رەنجىتتىم،
يىغلاپ چىقتى ئۇزاق تۈنلەر ئۇ ئۈنسىز.
زۇلۇم قىلىپ قىينىساممۇ دېدى ئۇ:
«كەچۈر مېنى، ياشالمايمەن سېنىڭسىز...»

يالۋۇرۇشلار ئازراق تەسىر قىلاتتى،
جاھىللىقىم تاپار ئىدى قانائەت.
شۇنىڭ بىلەن ئىناقلىشىپ قالاتتۇق،
«غەلىبە» مېنىڭ بولۇپ ئاخىر ناھايەت.

ئاخىر ئۇنىڭ سەۋرىسىنى قۇرۇتتۇم،
توشتى چىدام، تاقىتىنىڭ پەيمانى.
چىداپ مېنىڭ بارچە سىتەم ئۇقۇمغا —
قۇرۇپ پۈتتى نازۇك تەنىنىڭ دەرمانى.

ھىجران قۇچاق ئاچتى بىزگە، ئايرىلدۇق،
ئۇ — زۇلۇمدىن، مەن يولداشتىن قۇتۇلدۇم.
بىر بەختسىز، ساددا، سەبى بالىدەك
بۇ «تاۋكا»دا بەڭۋاشلىققا ئۇتۇلدۇم.

ئۆتتى كۈنلەر ھەمدە تۈنلەر ئۇنىڭسىز،
بارغانسېرى يامانلىقلار ئۇنتۇلدى.
ئەسلەش ئۈچۈن قالدى پەقەت ياخشىلىق،
كۆڭۈل ئۇنىڭ ۋەسلى تامان ئۈمتۈلدى.

ئايرىپ تۇرار ئىدى بىراق ئارىنى،
ھىجران تېغى، دېڭىزى ۋە ئوكيانى.
لەۋنى چىشلەپ تەن بېرىشتۇق تەقدىرگە،
بولمىغاچقا يارىشىشنىڭ ئىمكانى.

ئاستا ـ ئاستا كۆڭۈلدىكى جاراھەت
قەقەچ بولۇپ قۇرۇپ چۈشتى، ساقايدى.
چوڭقۇر ئىزنا ـ تاتۇق قالدى ئورنىدا،
غۇۋا كۆڭۈل شەكلەن ئاز ـ پاز ئاقايدى.

جۆرە بولدۇم ئىككىنچى يار ۋەسلىگە،
بىر ھېساپتا گويا بېشىم ئوڭلاندى.
ئۇزۇن ئۆتمەي سەزدى شۇنى يۈرىكىم:

تۈنجى يارنىڭ ئاھۇ ـ زارى ئاڭلاندى...

تۈنجى سۆيگۈ ۋىسالىكەن بىر جەننەت،
تۈنجى سۆيگەن نىگار ئۆمۈر زىنىنتى.
ئۇنىڭ ئەگەر قىممىتىنى بىلمىسەڭ،
«ئۆتنە جاھان»، تۈگمەيدىكەن مىننىتى.

ئۆتمەك كېرەك ئىكەن باشتا ئۆز ئارا
كەڭ قوساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلىشىپ.
ئۆتكەن ئىشنى كوچىلاشماي، سەۋەپنى
ئىتتىرىشمەي، بەلكى ئەكسى تالىشىپ.

قەرز ئالساڭ قايتۇرمىقىڭ مۇقەررەر،
نېمە تەرسەڭ يەردىن شۇنى ئالىسەن.
ۋابال قىلساڭ بىرسىگە گەر، ئاخىرى
قىساس ئۇتى ـ يالقۇنىدا قالىسەن!

1985 ـ يىل، 13 ـ فېۋرال، ئاتۇش، شورۇق.

# شەمبىدە

يىغا تۇتار مېنى شەمبىدە،
شۇ كۈن دىلدا ھىجران، دەرت، پىراق.
بۇلبۇل جەنۇپ تامان كەتكەندەك،
ھەر شەمبىدە كېتىسەن يىراق.
ساڭا ھەمرا، يولداش بولالماي،
بويۇن قىسىپ قالىمەن بىراق.

يىغا تۇتار مېنى شەمبىدە
ئۇزاتقاندا كۆڭلۈمدە سېنى.
(ماڭغىنىڭنى كۆرمىسەمۇ گەر،
ۋاقتى ئېنىق، تۇيىمەن شۇنى)
شۇندىن باشلاپ تا سەن كەلگىچە
ھۆكۈم سۈرەر ھىجران جۇدۇنى.

جىمجىتلىققا چۆكىدۇ شەھەر،
بازار شۇنچە كۆڭۈلسىز ۋە سەت.
چىقار بەزەن يول بويلاپ قۇيۇن،
سەن يوق، شۇڭا پىرقىراپ دەھشەت.
ھەتتا قىزغىن شەھەر شاۋقۇنى
مۇڭلۇق يىغا، نىدا ۋە ھەسرەت.

بۇرۇن بۇنداق شەمبە كۈنلىرى
ئىچىشەتتۇق ۋىسال كەۋسىرى.
بەختىمىزدىن مەست بولۇپ گويا،

كېزەتتۇق كۆك، بولۇپ ئەختىرى.
قىينىسىمۇ سېغىنىچ ئىشقى،
تىلغىمايتى ھىجران خەنجىرى.

تەقدىر بىزنى ئەيلىدى جۇدا،
بولدۇق يېڭى «لەيلى ۋە مەجنۇن»،
بىراق «لەيلى» ئۆزگە يار بىلەن،
«قەيس» دەرتتىن بولماقتا مەجنۇن.
قېلىپ شۇنداق يەككە ـ يىگانە،
بولدى گويا چۆلدىكى تۇتقۇن.

يىغا تۇتار مېنى شەمبىدە،
ۋاقت ئۆتەر نېمانچە ئاستا؟
ۋىسال پەيتىن چاپتۇرۇپ تېز ـ تېز،
ئازاپ چېغىن سوزاركەن خۇدا.
ئۇچرىشىدۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار،
پەقەت مەنلا قالىمەن تەنھا.

1985 ـ يىل، 20 ـ ماي ، ئاتۇش، شورۇق.

# جەننەتنىكى ئۇچرىشىش

ئۆتتى ئايلار (يىللار، ئەسىرلەر)،
مىنۇت ساناپ پۈتتى تاقىتىم.
كۆرۈنمىدىڭ شۇ يىللاردا بىر،
خەت يازمىدىڭ ياكى بىر قېتىم.

چۈشۈمگىمۇ كىرمىدىڭ ئەجەپ؟
خىيالىڭغا كەلمەمدىم ياكى؟
مەيلى ئۇنۇت،
ئۇنۇتمايمەن مەن،
كەتمىگۈچە تۇپراق بوپ تاكى.

سېنى كۆرمەك ئۈمىدىم ئۆچۈپ،
چۈشەش بولغان ئىدى ئىستىكىم.
ۋىسال تاپتى بۈگۈن ئارمىنىم،
ئىجازەتلىك بولدى تىلىكىم.

تۇراتتىم مەن جەننەتتەك باغدا،
باغ ئىچىدە راۋاقلار، ئۆيلەر.
ئاللىكىملەر ئوينايتى ئۇسۇل،
ۋە ياڭرايتى يېقىملىق كۈيلەر.

شۇ سورۇندا كۆردۈم سېنىمۇ،
ھەممە ھۆرلەر قۇل ئىدى ساڭا.
گۈزەللەشكەن ئەپتىڭ تېخىمۇ،

ياكى شۇنداق تۇيۇلدى ماڭا.

قىلدىم ساڭا پىنھان ئىشارە،
خالى تامان چىققىن جىنىم، دەپ.
كۆزلىرىڭدە ئەنسىز ئىپادە،
لېكىن قارشى دېمىدىڭ ھېچ گەپ.

«ماڭا بولسۇن گۇنايى بولسا،
دۇئا ئالساڭ ساۋابى ساڭا.
تەشنا بولدۇم يىللاردىن بېرى،
بىر سۆيدۈرگىن ئۇۋال دەپ ماڭا».

سەن ئالدىراپ سوزدۇڭ لېۋىڭنى،
تەشۋىش بىلەن بېقىپ ھەر تامان.
لەۋلىرىمگە يېقىلدى ئاتەش،
نە ئاتەشكى، يالقۇن، بى گۇمان.

ئىچتۇق قىزىق قەدەھتە مەينى،
لەۋلەر كۆيدى ئاران ئىككى رەت.
ئەپسۇس، تېخى بىرسى بېجىرىم،
يەنە بىرى چالىراق پەقەت.

ئالمان ـ تالمان كەتتىڭ خوشلىشىپ،
يۇتتۇڭ ساراي، باغلار ئىچىدە...
قالدىم تەنھا لېۋىمنى تامشىپ،
ئارمان بىلەن ئايسىز كېچىدە.

1985 ـ يىل، 11 ـ ئىيۇن، ئاتۇش، شورۇق.

# ياندى يەنە قەلبىمدە گۇلخان

چۆچەكلەردە، ئەپسانىلەردە
كۆرگەن كەبى ئاشق سىرلىق چۇش؛
شۇ چۇشىدە كۆرۇپ بىر پەرى
ئويغانغاندەك روي بېرىپ چۆچۇش؛

تۇيۇلماقتا سەن بىلەن ئۆتكەن
كەچمىشلىرىم شۇنداق چۇش بولۇپ.
كۆزۇم ئاچسام سەن يوق يېنىمدا
دەرتلەر چەكتىم، قالدىم ئاھ ئۇرۇپ.

دەشتلەر كەزدىم، ئىزدەپ دىلىمدا،...
كۆردۇم ئاخىر بۇگۇن بەختىيار.
ئۇ دۇنيادا ئۇچراشقان كەبى
قاراشتۇق بىز، كۆزلەردە خۇمار.

ھەر ئىككىمىز سۇرمىدۇق زۇۋان،
يا سالامغا لىڠشىتمىدۇق باش.
ئاشۇ سىرلىق بىر قاراش بىلەن
تەگدى كۆڠۆل كۆكسۇمگە بىر تاش.

ياندى يەنە قەلبىمدە گۇلخان،
(يانغان كەبى قەدىمي ئورمان)
كونا ئوتلار يېڠىلانغاندەك،
يارا يەنە تاتىلانغاندەك،
ئىسكەنجىگە ئالدى دەرت ـ پىغان.

1985 ـ يىل، 2 ـ ئىيۇل، ئاتۇش، شورۇق.

# باغ كەينىدە سىرلىق شىلدىرلاش

باغ كەينىدە ھەر تۈن سىرلىق بىر تىۋىش،
گاھى ناخشا ۋە گاھىدا ئىسقىرتىش.
بىر كۆلەڭگە چىتلار ئارا مارايدۇ،
ئۇندەر ئۇنى باغقا قانداق قىزىقىش؟

پىشايۋاندا ياتقانلارنىڭ ئىچىدە
ئۇخلىيالماس زىبا بويلۇق، ئۇزۇن چاچ.
ئۇيقۇ ئۇنى يوقلىمايدۇ تۈنلەردە،
چولغاپ ئۇنى ئوي - خىياللار قىينىغاچ.

قۇلاق سېلىپ بەزەن، جىمجىت، تىۋىشقا
ۋە بەزىدە ئەتراپىغا قارايدۇ.
بىغەم ئۇخلاپ چۈش كۆرىدۇ قالغانلار،
يەڭگىل خورەك تۈن قوينىغا تارايدۇ.

ئۇ ئارامسىز مىدىرلايدۇ دەمىمۇ - دەم،
تۇرماق بولغان كەبى بىردىن ئۆرۈلۈپ.
لېكىن تۈيغۇن ئانا ئۇيقۇ ئارىلاش
بوغۇق ئۇندە قويار شۇ چاغ يۆتۈلۈپ.

ئۇ ئۇھ تارتىپ باش قويىدۇ ياستۇققا،
كۆزى كۆكتە، قۇلىقى دىڭ تىۋىشقا.
كىم ئىكەن ئۇ؟ شىلدىرلىغان نېمىكەن؟
تۈن تەڭ بولدى، ئۇخلىمايدۇ نېمىشقا؟

1985 - يىل،18 - ئىيۇن، ئاتۇش، شورۇق.

# كىر قونمىدى پاك تۇيغۇمىزغا

مۇھەببەتنى چۈشىنىدىغانلار —
ئىشىنەمسەن، بىزدە بەكمۇ ئاز.
شېرىنلىكى، بىباھالىقى
شۇڭا بارماس ئۇزاققا، گۈلناز.

سېھرىي كۈچكە تولۇق مۇھەببەت
نىكاھ بىلەن بولىدۇ غايىپ.
تۈگەر كۈچى، ئاجىز ئىلتىجا
ۋارقىراشلار بىلەن ئالمىشىپ.

نىكاھ — ئەسلى شېرىن تۇيغۇنىڭ
ئەڭ يۇقۇرى پەللىسى ئىدى؛
لېكىن بۇ ھال ئايىنىپ باشقىچە
بولدى سۆيگۈ «توختاش بېكىتى».

شۈكرىلىللاھ،
بولمىدى بىزدە —
نىكاھ،
(دېمەك، سۆيگۈ كىشەنى).
قالدى دىللار قېتىدا گۈزەل —
رەڭدار پېتى تۇيغۇ گۈلشەنى.

كۈچلۈك پېتى قالدى ئىنتىلىش،
جۈپ يۈرەكلەر ۋىسال ئۈچۈن ئاچ.

ئارىلاشمىغاچ رەنجىش، مالامەت،
ۋىسال قۇچۇپ، دىللار قانمىغاچ.

جىسمىمىزنى قوشسىمۇ نىكاھ،
روھىمىزغا بولاتتى سىپىل.
ۋارقىرايتۇق رەنجىپ ئۆز ئارا،
يامان سۆزگە كۆنۈپ تاتلىق تىل.

مېھىر ياققان شەھلا كۆزلەردىن
چاقنار بولسا ئەگەر سوغۇق نۇر؛
سەت پۇرۇشسە غۇنچە لەۋ جامى،
ئەنە شۇ چاغ ھالىڭ نە بولۇر؟

كىر قونمىدى پاك تۇيغۇلارغا،
زېرىكمىدۇق «قېنىپ» ئۆز ئارا.
كۈچلۈك پېتى قالدى ئىنتىلىش،
ئەپسانىۋى ئاشقتەك گويا.

1985 - يىل، 7 - ئاۋغۇست، ئاتۇش، شورۇق.

# بىھۇدە كەتكەن گۈزەل تۇيغۇلار

ھەر نەپەستە يازاتتىم شېىر،
شائىر ئۇخشار بۇلبۇلغا، يار، دەپ.
كۆڭلۈم تولغان ئىلھامغا پەۋەس،
تەپەككۇرۇم كۆكلەرگە ئۆرلەپ.

مىسرالارغا سىڭگەن ياشلىرىم،
(سىيا ئەمەس، پۈتكەن ئۇ قاندىن)
ھەر بېيىتتە گۈزەل تۇيغۇلار،...
قىممەت ئىدى بەلكى ئۇ جاندىن.

ئوقۇغاندا مىسرالىرىمنى
چۈشەنگەندەك كۈلۈپ قوياتتىڭ؛
بەخت بەھرى يۇتاتتى مېنى،
چۈشسە ماڭا ئىللىق بېقىشىڭ.

«يۈرىكىمنى چۈشەندى، — دەيتىم، —
گۈل چۈشەندى بۇلبۇل زارىنى!»
غەمكىن تۇرۇپ، چوڭقۇر تىنىشىڭ،
چېكەر ئىدى قەلبىم تارىنى...

ئۇ چاغ مېنى ئالداپتىكەنسەن،
دەپتىكەنمەن سېنى ئەقىللىق.
بۇلبۇل زارى ئېرىتمەسمىدى
تۇيغۇ بولسا ئىنسانغا تالىق؟!...

بىراق سەندە كەم ئىكەن ئەقىل،
ئىنسانغا خاس تۇيغۇلارمۇ ھەم.
ھەل بېرىلگەن ھەيكەل ئىكەنسەن،
گۈزەل،
ئەمما ئىدراكسىز سەنەم.)

ساڭا ئاتاپ يازغان نەزمىلەر
يۇقماپتۇ ھېچ، كېتىپتۇ بىكار.
بۇتقا قىلغان دۇئادەك خۇددى
سەندە ئىنكاس قوزغىماي زىنھار.

1985 ـ يىل، 26 ـ سىنتەبىر، ئاتۇش، شورۇق.

# مەنبە ئىدىك شېئىرلىرىمغا

ئىلھاملىرىم گويا بىر ئېقىن،
سېنىڭ ئىشقىڭ ئىدى بىر بۇلاق.
گاھى ھىجران،
ۋىسال شادلىقى،
ئۇلغايتاتتى «ئېقىن»نى شۇنداق.

«تەقدىر شۇنداق» دېدىڭ، ئايرىلدۇق،
ۋىسال ـ ھىجران گېزەكقۇ ئەزەل؟!
رەنجىتمىدى مېنى جۇدالىق —
ۋىسالىڭنىڭ خۇمارى، گۈزەل.

چىدالمىدىم پەقەت بىر ئىشقا:
ئېقىن قالدى بولۇپ مەنبەسىز.
شېئىر چىقماس تىلىمدىن بۈئان،
گويا بۇتمەن، ئىلھامسىز، ھېسسىز!

1986 ـ يىل، 2 ـ يانۋار، ئاتۇش، شورۇق.

# تاغ گۈلگە

تاغ باغرىدا، خىلۋەت ئازگالدا
بىر تال گۈزەل گۈل ئېچىلىپتۇ.
بۇ مۇھتتقا ئاۋاتلىق بېرىپ،
ئەتراپىغا پۇراق چېچىپتۇ.

قوياش نۇرى چۈشەركەن بەزەن،
سۆيەر گاھى باھار شامىلى.
سۇغارمايدۇ ئۇنى بىر باغۋەن،
يوقلار ئۇنى تەبىئەت قولى.

گۈزەللىككە شەيدا كېپىنەك
ئەگىپ ئۇنى كېتەلمەس نېرى.
ھەتتا بېزەڭ چىۋىن، ھەرىلەر،
شۇ سەۋەپلىك دۇشمەن ھەر بىرى.

«تىكەندىن گۈل، ھەرىدىن ھەسەل
يارالغاندەك» ئەجەپ مۆجىزە.
ھەر كۆڭۈلگە سالىدۇ ئىشق،
ئاقكۆڭۈللەر قىلار ئەندىشە.

ئەگەر سۇنسا ئۇنىڭ رۇخسارى
كېپىنەكلەر كەلمەيدۇ ئەلۋەت.
چىۋىن، ھەرە قىلىپ مەسخىرە
يەنە چەندان سالىدۇ دەھشەت.

ئۈنىڭ ئۆسكەن مۇھىتى شۇنداق،
نە پەرۋىش بار، تەبىئىي شارائىت.
تامغا ئۈنگەن بۇغدايدەك تەنها—
يوق ئۇنىڭغا غەمخور، يە شاھىت.

قاشتېشىدىن ئويغاندەك سۈزۈك،
ئىپار سەپكەن كەبى خۇشپۇراق.
پەرۋىشكە ئالمىسا بىرى
خاراپ بولار كەلگۈسى بىراق.

1986 ـ يىل، 11 ـ ماي،ئاقسۇ.

# غەزەل

يارىدار قىلدىڭ مېنى كۆز ئوقلىرىڭ بىرلە ئېتىپ،
ئىككى رەت ئۇچراپ، قاراپ قويدۇڭ پەقەت بىر يالت ئېتىپ.

بىر ئۆزۈن قەرنە ئۆتۈپ كۆرگەچ سېنى قايتا بۈگۈن،
تاسلا قالدىم يەر قۇچاغلاپ چۈشكىلى ھۇشتىن كېتىپ.

بىر قىيا باقماق پەقەت بولدى جىمى ئىمكانىمىز،
قايغۇدا تىندىم ئۆلۈغ، پۈتكەن كەبى ھاردۇق يېتىپ.

سەن ھامان ئەۋۋەلقىدەك، چوڭ كۆزلىرىڭدە ساددا نۇر،
ساددا نۇرمۇ، ساختا نۇرمۇ ھېچ بىلمىدىم باشىم قېتىپ.

زۇلپىقار ھەر كۆرسە، ھەر لەھزە ساڭا باقسا جانان،
كۆيلىگەي ئىشقىڭنى شۇنداق ئىلھاملىنىپ نەزمە قېتىپ.

1986 ـ يىل، 16 ـ ماي، ئاتۇش، شورۇق.

# مەستلىكىم

تەبەسسۇملۇق بىر بېقىشىڭغا،
قىلار ئىدىم جاننى تەسەددۇق.
تۇتتۇڭ يەنە پىيالىدە مەي،
بەخش ئېتىپ ئالەمچە خوشلۇق.

ئۈزدۈم لەرزان بەخت بەھرىدە،
مەستانىمەن، مەست بولغىنىم يوق.
«مەست» دېسەڭمۇ، مېنىڭ مەستلىكىم —
مەيدىن ئەمەس، ئىشقىڭدىن ئۇلۇق.

1987 - يىل، 8 - ماي، ئاتۇش شورۇق

# سىرلىق تۇيغۇ

كۆزلىرىڭنىڭ نۇرى ئوق بولۇپ،
يارا قىلسا دىلىم — كۆكسۈمنى؛
تەبەسسۇمۇڭ بولۇپ دورىسى
يېنىكلىتەر يەنە دەردىمنى.

ئازاپ بىلەن قايغۇ ئىچىدە
هايات قىزىق ئۆتىدۇ شۇنداق.
تۇز قۇيۇلغان شەربەت بۇ سېزىم،
گاهى تاتلىق، گاهىدا قىرتاق.

1987 ـ يىل، 8 ـ ماي، ئاتۇش، شورۇق.

# مەستانىلىكىم

مېنى بەكلا تارتىنچاق دېمە،
تارتىنغىنىم مۇھەببىتىمدىن.
ئىشقىڭ بىلەن تىلىم لال بولۇپ،
روھىي ئەسىر بولغانلىقىمدىن.

لەۋ جامىڭدىن مەي ئىچىش ئىستەپ
بىدارلىقتا ئۆتەر تۈنلىرىم.
خىيالىمدا قوشۇلۇپ ساڭا،
ئۆندەرەيمەن، چىقىپ ئۈنلىرىم.

لېكىن سېنى كۆرگەندە يەنە
ۋۇجۇدۇمنى باسىدۇ تىترەك.
كۆزلىرىڭنىڭ ئوقىدىن قېچىپ،
ئالدىرايمەن كېتىشكە تېزرەك.

خۇدا، خۇدا! سۆيگۈ ـ ئىشقنى
نېمە ئانچە سىرلىق ياراتتىڭ؟
جۇرئىتىمنى يوق ئەتتى شۇ «سىر»،
ئەجەپ مېنى يەرگە قاراتتىڭ...

1987 ـ يىل، 8 ـ ماي، ئاتۇش، شورۇق.

# دىمىغىمغا سىڭىپ قاپتۇ پۇراقلىرىڭ

ۋىسال كۈنى،
هوزۇرۇڭدا بولغان چېغىم،
بەختىيارلىق قۇچىقىدا ئەللەيلەندىم.
ئۆزەڭ ئىدىڭ مېنىڭ هوزۇر بەخش بېغىم،
لېكىن، باغىڭنىڭ سىر، سېھرىنى بىلەلمىدىم.

مەپتۇن بولدۇم شەبنەم سۆيگەن غۇنچىلارغا،
پۇراپ - پۇراپ قويدۇم قىزىل ئالمىلارنى.
باقتىم ئۈزاق ياپراقتىكى ئۈنچىلارغا،
ئويناپ گاهى مەجنۇن تېلى — سالمىلارنى.

ۋىسال پەيتى قىسقا هامان،
يازمىش شۇنداق(؟)
كەتتىم ئۈزاپ، باغنى تاشلاپ چۆللەر تامان.
مەست بولدۇممۇ بىلەلمىدىم، چۈشمۇ قانداق،
گۈلنىڭ هىدى پۇرار ئىدى ماڭا هامان.

كۆزلىرىمنى چالا يۇمۇپ هوزۇرلاندىم،
خىيالىمدا قايتىلاندى يەنە گۈلشەن.
«مىڭلاپ گۈلنىڭ پۇرىقى جەم، ئەجەپ...» دېدىم،
تونۇش پۇراق، ۋە ئاخىرى بولدى روشەن:

گۈل لېۋىدىن شىرنە ئىچكەن چاغدا «هەرە»،

بولغىنىدا ئۈنىڭ تەختى قۇچاقلىرىڭ؛
تومۇرلاردا ۋىسال ئاققان ئاشۇ قەرنە،
دىمىغىمغا سىڭىپ قاپتۇ پۇراقلىرىڭ.

1988 ـ يىل، يانۋار، ئاتۇش، شورۇق.

# قىرىماس سۆيگۈ

چىچىمدا ئۆمۈرنىڭ ئىزى نامايان،
كۈمۈش رەڭ تالالار چاللىقتىن نىشان.
كۆزۈمدە ياشلىقنىڭ ئاخىرقى نۇرى،
ياردار جەڭچىدەك ئىتىدۇ ئىسيان.

سەن دەيسەن: قىرىدىڭ چىچىڭغا قارا،
ياراشماس رومانتىك ھىسلارغا چۆممەك.
ياشلىقىڭ تەۋەرۈك ئوغۇللىرىڭغا،
ھاياتنىڭ قانۇنى: قىرىماق، ئۆلمەك...

مەن دەيمەن: تەبىئەت قانۇنى شۇنداق،
ۋە لېكىن ئۆلمەكنى ئىستىمەس ئادەم.
ئېنىقكى، ھاياتنى سۆيىدۇ ئىنسان،
ياشاشقا چىللايدۇ قىرىماس ئالەم.

ئادەملەر قىرىيدۇ، قىرىماس ئالەم،
سۆيگۈ ھەم ياشايدۇ ئالەم بىلەن تەڭ.
سەندىمۇ گەر سۆيگۈ بولسىدى زەررە،
بۇندىكى سىرلارنى بىلەتتىڭ ئۆزەڭ.

گەر باشتا كۈنسېرى كۆپەيسە ئاقلار،
قەلبىمدە سۆيگۈنىڭ دەرياسى ئاقار.
شۇڭلاشقا قىرىماس مەڭگۈ يىگىتمەن،
ياشلىقنى ساقلايدۇ بەڭۋاش تۇيغۇلار.

1988 - يىل، 31 - ئىيۇل، ئاتۇش، شورۇق.

# بۇلۇتلۇق كېچىگە ياراشقان سۆيۈش

بىر پۇرسەت ياراتتى بەختلىك تەقدىر،
ئۇن ـ تىنسىز «سۆھبەت»تە بولدۇق بىر ئاخشام.
تېلىۋىزور پاجىئەدىن قىلدى ھىكايە،
قايغۇسى دىللارنى قىلدى بىئارام.

خوشلاشتۇق، ئۇنىڭسىز بىزدە نە ئامال؟
ھوزۇرۇڭ مەن ئۈچۈن بولمىدى خالى.
گۈزەل ياز ئاخشىمى، يامغۇر ھاۋاسى
شائىرنى سۆيگۈچى پەرى مىسالى.

ھويلىدىن چىققۇچە بولدى بىر پۇرسەت،
(شۇنچىلىك قىممەتلىك، شۇنچە قىسقا ھەم)
ئۇزاتتىڭ ئىشكتە، بېشىڭ چىقىرىپ،
تامادا ئارقامغا بۇرۇلدۇم شۇ دەم.

ياپمىدىڭ ئىشكنى «خەير» دەپ بولۇپ،
«خوش» دېدىم، كەتمىدىم، ئارقامغا قاراپ.
گەپ ـ سۆزسىز لېۋىڭگە سوزدۇم لېۋىمنى،
«لام» دېمەي مەيلىمگە قويدۇڭ ئۇھسىراپ.

يۈزلەرنى سۆيگەندەك مەيىن بىر شامال،
«لىپ» قىلىپ يوپۇرماق لىڭشىغان كەبى؛
ياراشتى بۇلۇتلۇق سالقىن كېچىگە،
بۇ «مەيىن» سۆيۈشۈم شۇنچىلىك سەبى.

1988 ـ يىل، 31 ـ ئىيۇل، ئاتۇش، شورۇق.

# سەن سۆيگەننىڭ لەززىتى باشقا

بال بەرگەندە لېۋىڭدىن ماڭا
قۇچىقىمدا يۇلقۇنۇپ، چاپچىپ؛
كۆزلىرىڭنى يۇمۇپ ھەم سەل ـ پەل،
چاچلىرىڭدىن ئىپار ھىد چېچىپ؛

بىلەمسەن يار، مېنىڭ قەلبىمدە
شۇ چاغ قانداق ھېسلار ھۆكۇمران؟
ئەقلىمدىنغۇ ئازمايمەن، لېكىن—
مەن ئۆزەمنى سانايمەن سۇلتان.

«سەنمۇ سۆيگىن» دېسەم، ئۇيۇلۇپ
پىچىرلايسەن: «ئوخشاشقۇ...» دەپلا.
ئۆزەم سۆيسەم سۇلتان تەختىدە،
سەن سۆيگەننىڭ لەززىتى باشقا.

1988 ـ يىل، ماي، ئاتۇش

# سۆيگۈ قىممىتى

كۈلگە كۆمگەن چوغدەك مىسالى
پىنهان كۆيمەك مېنىڭ قىسمىتىم.
دىلدا سۆيگۈم دەيدۇ پىچىرلاپ:
«دەل شۇنىڭدا مېنىڭ قىممىتىم».

نامازشامگۈل ئۆمرىدەك قىسقا —
ئەمما گۈزەل ئۆتتى بىر قەرنە.
خىيال ئۇچۇن بولدى دەسمايە،
كېچەر شۇڭا دىلىمدا يەنە.

گەر ئۇنۇتماق ساڭا بەرسە قۇت،
دىشۋارچىلىق چەكمىسەڭ قايتا؛
مەيلى ئىدى كۆيسەم ماگمىدەك،
كۈل بولسامۇ يوشۇرۇن ئوتتا.

تىلىكىم شۇ: ئازاپ چەكمىگىن،
دەرتلىرىڭگە بولماي مەن سەۋەپ.
ساڭا ھەسرەت راۋا كۆرگىچە،
ئۆلگىنىم خوپ چىشىمنى چىشلەپ.

*

كۈلگە كۆمگەن چوغدەك مىسالى
پىنهان كۆيمەك مېنىڭ قىسمىتىم.
دىلدا سۆيگۈم دەيدۇ پىچىرلاپ:
«دەل شۇنىڭدا مېنىڭ قىممىتىم».

1989 - يىل،27 - ئاپرىل، ئاتۇش، شورۇق.

# كۈتۈش

كۈتمەك ئازاپ، كۈتمەك مۇشەققەت،
ئەجەلدەكلا ئۆنىڭ دەھشىتى.
تىرىك كۆمگەن كەبى ئادەمنى
ئاستا ـ ئاستا قىينار ۋەھشىتى.

پۈتۈن جىسمىڭ بولۇپ مىڭ قۇلاق،
ھەرتىۋىشقا تۇرىسەن ھېزى.
پۈتۈن جىسمىڭ سانسىز كۆز بولۇپ،
پىنھان قالماس سايە ھەم ئىزى.

ھەر ئۇچۇردىن ساقىيدۇ يۈرەك—
بېغىشىدىن ئۈزۈلگەن كەبى.
ھەر سادادىن توختايدۇ نەپەس،
ھاسىرايسەن شۇنداق ئەسەبى.

بىكار بولۇپ چىقار كۈتكىنىڭ،
كۇكۇم ـ تالقان بولىدۇ ئۈمىد.
بۇ مەيۈسلىك تىلغايدۇ دىلنى،
ئاچچىق يىغا سالىدۇ تەھدىد.

يەنە غۇۋا ئۈمىد شولىسى —
قىزىتىدۇ تومۇردا قاننى؛...
ئۈمىدسىزلىك كېلىپ ئارقىدىن،
قان چىقارماي ئالىدۇ جاننى.

كۆتمەك ئازاپ،كۆتمەك مۇشەققەت،
سەۋەپ شۇكى: شېرىن مۇھەببەت.

1989 - يىل،9 - ئىيۇن، ئاتۇش، شورۇق.

# باللىقتا ئوخشاش قىرلىق

تۈنجى سۆيگۈ ئاجايىپ قىزىق،
سەبى، ئوماق، يەنە تارتىنچاق.
تىللار كۆيگەن دىلدىكى ئوتتا —
سۆز قىلالماي، كۆرىنەر «ئاخماق».

تۈنلەر، كۈنلەر ئۇخلىماي غەمكىن،
تىزار (زاپاس) ئوتلۇق ئىبارە.
ۋىسال پەيتىن قىلىپ تەسەۋۋۇر،
ھەر خىيالدىن بولىدۇ پارە.

ۋىسال كېلەر «تۇيۇقسىز» بىسىپ،
ھەر قېتىمدا روي بېرەر چۆچۈش.
شۇ چۆچۈشتىن تورزۇيدۇ سۆزلەر،
جۈرئەت قاچار، نەدىكەن بۆسۈش؟!

باللىقتا ئوخشاپ كېتەركەن —
كۆپ تەرەپتىن، ئەجەپ، قېرىلىق.
تىلغا ئالسا تۈيۈلار تاڭسىق،
رىئاللىقتا ئەمەس يېڭىلىق.

قېرى ـ ياشقا باقماس تۈيغۇلار،
سېھرىي كۈچى ئوخشاشلا، ھەيھات.
تارتىنىشقا خىجىللىق ھەمراھ،
جۈرئىتىڭ يوق، چېكىسەن پەريات.

ۋىسال تۇتۇق بەرمەي ئالۋۇندەك،
چالنى قىيناپ ئۇيناركەن گويا.
قوغلاي دېسەڭ «سەت تۇرمىقى» بار،
قوغلىمىساڭ، دىلىڭدا ماگما.

1989 ـ يىل،9 ـ ئىيۇن، ئاتۇش، شورۇق.

# سېغىنىش كۈيى

سېغىنغاندا ئويلايمەن شۇنداق:
كۈي ـ كۈيلىسەم ناخشىچى بولۇپ؛
ناخشام لەرزان دولقۇنلىغاندا
كۆك قەرىگە قويسام ئۈزۈتۈپ.

زەررىلەرگە ئايلىنىپ شۇ چاغ
دولقۇنغا قوشۇلۇپ كەتسەم.
تاراپ چەكسىز ئالەمگە تەكشى
كائىناتنى چىلڭ باغاش ئەتسەم...

ئاڭلىغانلار كۈيۈمنى ھەرئان
ئەللەيلەنسە ئىللىق تۇيغۇدىن.
تەسەۋۋۇرنىڭ يەلكەنلىرىدە
كەزسە كۆكنى،
ئويغاق «ئۇيقۇ»دىن.

تەسەۋۋۇر — بۇ چاقچان ئىجادكار،
بەرپا قىلسا كۆڭۈللۈك دۇنيا.
شۇ دۇنيادا ئۇچراشساق جېنىم،
ۋىسال بېغى قىلساق بىز ئەھيا.

1989 ـ يىل،10 ـ ئىيۇن، ئاتۇش، شورۇق.

# قەلب دولقۇنى

 تومۇردا بولمايدۇ دەريا يا دېڭىز،
ۋە لېكىن دولقۇنى ئۇندىن قېلىشماس.
زەربىدىن تىترەيدۇ يۈرەك دىۋارى،
هاياتلىق توختايدۇ ئۇنىڭسىز تىمتاس.

دېڭىزدا دولقۇننى تۇغىدۇ بوران،
دەريادا قايناملار ياسايدۇ قىيان.
هەركەتتىن هاسىلدۇر هايات كارۋىنى،
جىلۋىسى كۆڭۈلنى مەست قىلار هەر ئان.

دولقۇننىڭ ئاشىقى قىيا ۋە قىرغاق،
مەۋج ئۇرۇپ كېلىدۇ سۆيىدۇ ساھىل.
ئارقىغا قايتقاندا شۇنچە مەيۈسكىم،
هىجراندىن سۆيگۈنىڭ ماگمىسى هاسىل.

ئادەملەر قەلبىگە سىغىدۇ ئالەم،
ئۇنىڭدا هېساپسىز دەريا مۆجەسسەم.
ئۇنىڭدا دالالار، تاغلار، باياۋان،
گاھ بوران، گاھ دولقۇن كېزىدۇ هەردەم.

ئىنسان سۆيگۈسىدىن هاسىل دېڭىزلار،
ئۈپقۇنلار يارىدۇ ئارزۇ كارابى.
ۋىسالدىن هاسىلدۇر يۈكسەك چوققىلار،
ئىچۈرەر گاھ ۋىسال، هىجران شارابى.

سۆيگۇسىز قوياشمۇ پاتار ۋاقتسىز،
سۆيگۇسىز قالغۇسى زۇلمەتتە دۇنيا.
شۇڭلاشقا بىباھا قەلب دولقۇنى،
شۇ دولقۇن ھاياتنىڭ يادروسى گويا.

1990 ـ يىل،25 ـ فېۋرال، بېيجىڭ

# بىر گۈزەلگە

سەن جىمى گۈزەللىك جەم بولغان غەزنە،
غەزنىسەن، تىلسىملار ئىچىدە پىنھان.
تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بۇنداق مۆجىزە،
تەرىپكە ئاجىزدۇر ئەلۋەتتە ئىنسان.

بىر گۈلسەن، ۋە لېكىن سېنىڭ جىسمىڭدا —
جىمى گۈل ھۆسنى ھەم ھىدى مۇجەسسەم.
دەۋرىڭ تاڭ مەزگىلى، شەپەق نۇرلىرى —
شەبنەملىك بەرگىڭدە چاقنىغان شۇ دەم.

بىر شاھسەن گۈزەللىك ئېلىگە تەنھا،
ھۆر ـ غىلمان بۇ ئەلدە ساڭدۇر پۇخرا.
تاھىرلار بىھېساپ ئىشقىڭدا بەلكى،
سەن ئەمما جاھاندا بىرگىنە زوھرا.

سېنى دەپ قانچە كۆز تۆككەندۇ ياشلار،
قانچە دىل ئۆرتىنىپ بولغاندۇ پارە.
سەن ئاپەت يىگىتلەر ئالىمى ئۈچۈن،
شۇ ۋەجى قاپىلغان ئەتراپىنى زارە.

سەن ئۈچۈن قانچە جان قۇربانغا تەييار،
مەجنۇنلار كۆپەيدى بەلكىم ھەسسىلەپ.
نېمىشكە تۆرەلدىڭ جاھانغا، ئېيتقىن،
ئوت يېقىپ دىللارغا، جانلارنى قەستلەپ؟

ۋەسلىڭنىڭ شەرتى گەر بولسا جان ـ هايات،
كېچىدۇ «مەن — ئەر» دەپ يۈرگەنلەر جەزمەن.
كېچىدۇ دۆلەتتىن شاهلار بى هايال،
لال بولار ئالدىڭدا هەرقانچە سۆزمەن.

ئۆلۈكتە بىر دەقىق ئويغانسا سەزگۈ،
تىرىلەر،
گۆرىستان بولىدۇ بازار.
قېرىلار ئۈنتۈيدۇ يېشىنى شۇئان،
رەشىقتىن ئايالىلار چېكەر ئاهۇ ـ زار.

سەن شۇنداق گۈزەلسەن، سەنلا بىر دۇنيا،
هەيرانمەن، سېنىمۇ تۇغدىمۇ ئىنسان؟!
يەر قانداق كۆتۈردى بۇ گۈزەللىكنى،
سەن — بارلىق!
كى سەنسىز ئالەم گۆرىستان!

1990 ـ يىل،27 ـ فىۋرال، بېيجىڭ

# ھىجران ئالدىدىكى ھېسلار

سەن ياشىغان مۇھىت — چىمەنلىك،
سەن يۈرسەن باھارنى ئېلىپ.
سەن قوياشسەن، نۇرنىڭ مەنبىئى،
نۇر يوقىلار، سەن بار ئۈز كۆلۈپ.

شۇڭا ساڭا ئۇچراشقان دەملەر،
ماڭا بولغان ئىللىق نەۋ باھار.
گۈل ئېچىلغان، بۇلبۇل سايرىغان،
كۆكۈل بېغىم بولغان سەبزىزار.

تەنگە قايتىپ شوخ يىگىتلىكىم،
ئەلنى ھەيران قىلدى شاشلىقىم.
(بەڭۋاش بالا چاپتى چىمەندە،
تەكرارلاندى ئۈلۈغ ياشلىقىم).

شېرىن ھېسلار قۇچتى دىلىمنى،
ئۇچتۇم خىيال ئەرشىدە لەرزان.
سايرار بۇلبۇل دوراپ تىلىمنى
شوخلۇق ئىچرە قىزىدى جاھان.

بىراق،... ئالەم چەكسىز بولسىمۇ،
ئۆمۈر چەكلىك، قىسقا، بەك قىسقا.
ھەممە ئىشنىڭ بولۇر ئاخىرى،
يازلار ئۆتەر، ئايلىنار قىشقا.

خوشال دەملەر قىممەت ئەسلىدىن،
كەلدى ھىجران پەيتىمۇ يېتىپ.
شوخلۇقۇمنى ئالدىڭ ئوغۇرلاپ،
قالدىم شۇڭا غۇسسىگە پېتىپ.

قېرىلىقىم قايتتى تەنگە،
باھار ـ يازىم ئايلاندى كۈزگە.
باھاردىكى «يېشىل ياپراقلار»،
ئالتۇن رەڭدە تۆكۈلدى تۈزگە.

بۇلبۇللارمۇ كەتتى جەنۇپقا،
قالدىم يەنە يەككە ـ يىگانە.
غېرىپسىنىپ ئەتراپ ھوۋۇلدار،
ھەممە يوچۇن، ھەممە بىگانە.

ئەتراپىڭدا قويۇپ باھارنى،
كېتەر بولدۇم زىمىستانىمغا.
تەلەتىممۇ سۆرۈنلەشتى خوپ،
قۇلاق سالغاي كىممۇ ئاھىمغا؟

يۈرمەك بولۇر ئەمدى قىسمىتىم
ئاۋالقىدەك دۈگدەرەپ مىسكىن.
چاللىق باسار مېنى ۋاقتىسىز،
پىشانىدە يازمىش نېمىكىن؟

ئۇنتۇلارمەن كۆلكىنى ئۇزاق،
تەكرارلىنار بەلكىم چۈشۈمدە.
سەنمۇ ئۇنتۇپ كىچىك بوۋاينى،

كۈيلىنەرسەن پەقەت كۈيۈمدە.

سېنى ئۈنتۈش يېنىكلىك ئىدى،
بىراق ئەمەس ئىختىيارىمدا.
ئۈنتالمىسام ئازاپلار بىھەد،
چاپالماسمەن زۈلپىقارىمدا.

دەيمەن پەقەت ساڭا خەير ـ خوش،
نامىڭ يادلاپ بولغاندا بىھۇش.
ماڭا نېسىپ بولمىدى ۋىسال،
بولغاي ساڭا بەختلەر قۇچۇش.

1990 ـ يىل،3 ـ مارت، بېيجىڭ

# ئاداققى سۆيۈشتىن...

بۇلبۇل سايرار باھار پەيتىدە،
گۈلنىڭ ئىشقى بۇنىڭ سەۋەبى.
گۈل ئېچىلار شۇ كۈي كەيپىدە،
سۆيگۈگە خاس بۇنىڭ شەرەبى.

سۆيگۈ كۈينى قىلار تەۋەللۇت،
ھىجران ئۇنىڭ كىندىك ئانىسى.
ئاشىق ئۈچۈن ئارزۇلار مەشئۇت،
شۇندىن پۈتەر رىشتە ـ تانىسى.

ئۇزاتتىڭ سەن مېنى سەپەرگە
ناخشا ياغدى مېنىڭ تىلىمدىن.
سۆيگۈ جۈرئەت بەردى خەتەرگە،
ئوخچۇپ چىقتى ئارزۇ دىلىمدىن.

ئاشۇ جۈرئەت، ئاشۇ ئارزۇدىن،
پويىزدىلا ئېسىلدىم ساڭا.
چەتنىمىدى ئىشىم مەۋزۇدىن،
لېۋىڭ بىلەن بال بەردىڭ ماڭا.

شۇندىن بېرى ۋاگون كارىدورى
بولۇپ قالدى ماڭا مۇقەددەس.
بۇ يەر سۆيگۈ باغچىسى، نۇرى،
ئۇ ئاداققى خوشاللىقىم، بەس.

پويېز ئاستا قوزغالدى شۇندا
دۇرلار تۆكتى كۆزلەر گۆھىرى.
مىڭ كىتاپلىق گېپىم بار ساڭا،
لال تىلىمدىن چىقمىدى بىرى.

ناخشىلىرىم ئوخشىمىدى ھېچ
ئاۋازىممۇ يوچۇن، غەلىتە.
تۇرالمىدىم ۋە ياكى تىپ ـ تېچ،
كۆز يېشىمنى تۇتتۇم بەك تەستە.

كارىدورغا چىقىپ پات ـ پاتلا،
تاۋاپ قىلدىم مۇقەددەس جاينى.
يۇتكەن ئىدى بۇرىقىڭ، ئاپلا!
زۇلمەتتىمەن، يوقاتقاچ ئاينى!...

1990 ـ يىل،4 ـ مارت، بېيجىڭ ـ جېنجو ئارىلىقىدا

# سېنىڭ شەرپىڭ

يىگىتلەردەك ناخشا ئوقۇسام
ئۈلپەتلىرىم ماختاشتى مېنى.
مەجنۇنلارچە نەزمە توقۇسام
بەلكى شائىر ئاتاشتى مېنى.

ناخشىلىرىم ساڭا ئاتالغاچ،
ساڭا ئوخشاش تۈس ئالدى گۈزەل.
پىراقىڭدا جېنىم قىينالغاچ،
قوشاق بولدى پەريادىم تۈگەل.

ناخشاممۇ ھەم، قوشاقلىرىم ھەم،
سېنىڭ تۆھپەڭ، سېنىڭ شەرپىڭ.
بىرلا دىشۋار كۆڭلۈمدە بۇ دەم:
ئادا بولسا سېنىڭ تەرپىڭ.

1990 - يىل،8 - مارت، ئۈرۈمچى

# تەلۋە ئىكەن ئاشقلار شۇنداق...

گۈزەللىكتە تېڭى يوق سېنى
ماختىشاتتى كۆرگەنلەر تۈگەل.
سېنى كۆرگەن يىگىت كۆكسىدە
ھاسىل بولماي قالمايدۇ «سۆگەل».

سۆگەل دېدىم — سۆيگۈنىڭ دېغى،
داغ دېمەكلىك كۆيۈكتىن ئىزنا.
ئەرلەر ئاشق، ئايالىلار رەقىپ،
ئۈزلىقىڭغا ئەي گۈلى بەرنا!

بەرمەس ئىدىم ساڭا كۆڭلۈمنى
گەر مېنىڭدە بولسا ئىختىيار.
ياراشمايتى ماڭا بەڭۋاشلىق،
قىلماقمۇ ھەم كۆڭلۈمنى ئىزھار.

بىراق سېنىڭ ھۆسنۈڭنى كۆرسە
سەكراتتىكى بوۋاي شوخلىشار؛
ماڭا نېمە؟ ئەيىپ ئۆزۈڭدە،
ئوتنى ياقتىڭ ئۆزۈڭ ئەيپكار.

سوۋۇتماقچى بولۇپ ئوتۇمنى
ئەيپ توقۇپ يۈكلەشتى ساڭا.
«... شاپتۇل ئاچچىق» دېگەن يىگىتلەر
رەشق چەككەن قىزلارمۇ شۇڭا.

ھە ـ ھۇ دېدىم، سوۋۇي دەپ مەنمۇ،
ئازاپلاردىن خالاس بولاي دەپ.
ئىشىنىشكە زورلاپ كۆڭلۈمنى —
ساڭا نەپرەت بىلەن قاراي دەپ.

بىراق كۆڭلۈم نىداسى ماڭا:
«قۇلاق سالغىن ئاھىمغا» دېدى.
گۈزەللىكنىڭ قۇلىغۇ بىزلەر،
قۇلغا قۇللۇق خاس ئەمەسمىدى؟

كېچەلمىدىم، كېچەلمەيمەن ھەم،
مەيلى سېنى ئىت دېيىشسىمۇ.
مەيلى مېنى ساراڭ بولدى دەپ،
مەسخىرىلىك ھىجىيىشسىمۇ.

گۈزەل تۇرساڭ جاھاندا تەنھا،
ئازابىڭدىن كېچەي مەن قانداق؟
ئەيىپ ئەتمەڭ دوستلۇرۇم مېنى،
تەلۋە بولۇر ئاشقلار شۇنداق.

1990 ـ يىل،8 ـ مارت، ئۈرۈمچى

# قىرلىقتىكى سۆيگى

سۈپەتلىشەر «ياشلىق — باھار» دەپ،
ئوخشار ياشلىق باھارغا ئەلۋەت.
نېمە ئاچسا بولىدۇ شەرەپ،
يارىشار گۈل، چېچەكمۇ شۇ رەت.

چەررەندىنىڭ چىرىلداشلىرى،
نەغمىلەردەك بېرىدۇ ھوزۇر.
پەررەندىنىڭ ۋىچىرلاشلىرى،
ناخشىلاردەك شۇنچىلىك پۇزۇر.

كۈز پەسلىدە گۈل ئېچىلسا گەر،
تاڭ كۆرىنەر، بولىدۇ «ھۈيت ـ ھۈيت».
قارلىغاچلار سايرىسا ئەگەر،
دەيدۇ ھەممە: «تووۋا، ياقاڭ تۇت».

ياشلىق ئۈچۈن ياراشقان سۆيۈش،
قىرلىقتا تەتۈرلىكمىكىن؟
ئىختىيارسىز بولمايدۇ كۆيۈش،
ئەيىپ ئېتىش نېمە ئۈچۈنكىن؟

چاخچاقلارغا ئارىلىشار شۇڭا
گاھى شوخلۇق، بەڭۋاش قىلىقلار.
گاھى چالدەك پىكىرلەر دانا،

ئىككىلىنىش،... ئېغىرچىلىقلار.

ئەيىپ ئەتمە: «گاھ قىزىپ يەنە،
گاھ سوۋۇيسەن، سەۋەپ نېمە» دەپ.
ئۆتۈپ كەتتى بىزنىڭ ئۇ قەرنە،
يۈرگىنىم يوق مەن سېنى گۆللەپ.

شوخلۇق قىلغۇم كېلەر شۇنچىلىك،
ئەركىلىتىپ، ئەركىلەپ ساڭا.
ئەسكە كەلسە «يېشىم بۇنچىلىك...»
تۇيىلىدۇ ئەيىپتەك ماڭا.

1990 - يىل، مارت، ئۈرۈمچى

# ئىككى ۋوگزالدا ئىككى خىل كەچمىش

پويىز كۈتۈپ ۋوگزالدا تەنھا
غېرىپسىنىپ ئويغا پاتقاندا؛
تۇيۇقسىزلا ئويلىنىپ قالدىم
جەنۇپتىنمەن يولغا چىققاندا.

تاكى پويىز قوزغالغانغىچە
ئويلاپ كەتتىم سېنى ئامرىقىم.
شىمال ياقتا بىر ۋوگزالدا بىز،
بەكمۇ تاتلىق خوشلاشقان، جېنىم.

بىللە پويىز كۈتكەن، سەن مېنى،
قىيالماستىن كەلگەن ئۇزىتىپ.
ھەتتا پويىز ئىچىگە بىللە —
كىرگەن ئىدىڭ كۆز يېشىڭ يۇتۇپ.

ۋاگوندىلا سۆيۈشكەنتۇق بىز،
ھولۇقۇپ ھەم ئالدىراپ تېنەپ.
كۆرۈپ قالغان ھەمرالىرىمىز،
تۇيۇلغانتى ساڭا بەك بى ئەپ.

«كۆرۈپ قالدى» دېگەنتىڭ خۇددى
شەبنەم سۆيگەن غۇنچىدەك بولۇپ.
«خەق كۆرمىسە پايدىسى نېمە؟»

دېسەم، كەتتىڭ بەكرەك ئۈيۈلۈپ.

ئەمما بۈگۈن يالغۇزمەن، يالغۇز،
چۆلدە ئازغان قوزىدەك ھالىم.
ئۈزاتقۇدەك ھەمراھىممۇ يوق،
دېرىزىنىڭ تۈۋىدە جايىم.

شۇڭا جەنۇپ دېڭىزلىرىدا
گۈزەل ساھىل، ئاراللاردىكى،
سەيلىلەردىن ئالغان لەززىتىم
غايىپ بولدى، قايان كەتتىكى!؟

1990 - يىل، 25 - نويابىر، شېنجېن ۋوگزالى

# چۈش

لەرزان چايقىلىدۇ بېيخەيدە قولۋاق،
ئۈلتۈردۈق ياندىشىپ ئىككى تارتىنچاق.
سەن مېنى شائىر دەپ قورۇندۇڭ بەلكى،
ياش ئىدىڭ كۆپ چەندان، تارتىنندىم قىزچاق.

شائىرغا ئوخشىماس، سۆزلىرىم زىنهار،
جاۋابىڭ ئەخمەقنىڭ جۆيلۈشلىرىدەك.
ئاردا تۇغۇلار سۇكۇتلەر ئۇزاق،
سەن سەبى بوۋاقتەك، مەن ئىدىم گۆدەك.

نېمىكىن يۈرەكنىڭ ئىستەكلىرىنى —
تاشقىلى قويمىغان، قىينىغان، بوغقان؟
هاۋادا كەممىكىن ئوكسىگىن ياكى
دەمىمۇ ـ دەم چوڭقۇر تىن ئالىمەن هامان.

چاللىق مەنزىلگە يېقىنلاشقان چاغ،
قايسى هېس ئېپ كەلدى بۇ يەرگە ئالداپ؟
كۈلكىگە قويماقچى بولدىمۇ شەيتان،
تەقۋانى ئازدۇرۇپ، شۇنداق ئامالداپ؟

چۈشۈمىمۇ بىلمىدىم، پۈرايدۇ ئەنبەر،
(ئەقىلدىن تاشقىرى هەركەتتە قولۇم).
هەر تالا چېچىڭدا مىڭ ۋولتلىق توك بار،
ئەدەپكە قايتىشتىن كېسىلدى يولۇم.

بىر ئىستەك تۇغۇلدى شۇنچە ئەسەبى،
ساراڭلىق ھاڭغا سۆرىدى مېنى.
بىر قۇدرەت(ئاللاھتىن قالسىلا سانى) —
بېھىشتەك قوينۇڭغا چۆرىدى مېنى.

بىر قەرنە ياشلىققا قايتتىممىكىن —
لېۋىمنى كۆيدۈردى شېرىن ھارارەت.
كۆيۈشتە شېرىن تەم — شەربەت مىسالى،
ۋە لېكىن يۈرەكتە قالدى جاراھەت.

لەرزان چايقىلىدۇ بېيخەيدە قولۋاق،
سوغ شامال چارىسىز يانغان يۈرەككە.
تەقدىرگە بى ئىلاج يانغان يۈرەك ھەم،
كەتمەستىن نە ئامال كەلگەن ئۈچەككە؟!

1991 - يىل، بېيجىڭ

# ۋېناس ھەيكىلى

(بىر قىزغا)

ئىنسان ياراتقان سەنئەتمىكىن بۇ،
ۋە يا ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئەسىرى؟
كۆزىدە چاقنايدۇ ھېسسىز ئۆلۈك نۇر،
تال ـ تال كىرپىكىدە بىر دۇنيا سىرى.

قانسىز لەۋلىرى،
شاللاق يىگىتلەر —
دەمىمۇ ـ دەم سۆيۈشتە شورىۋالغاندەك.
ھاياسىز ۋە لېكىن جەلپكار كۆكسى،
شاللاقلىق ئۈزلۈقنى ئورىۋالغاندەك.

ئۆزىلا بىر دۇنيا، ئۆزىلا ئالەم،
گۈزەللىك ئۇندا جەم، ئىدراكسىز بىراق.
قېشىدىن كېتەلمەس كۆرگەنلەر ئۇنى،
خەيرىيەت، كەتكەنلەر چەكمەيدۇ پىراق.

ئىلغىماس خېرىدار، ئاڭا بەربىر،
ھەممىگە ئوخشاشلا بولار كۆرگەزمە.
ئومۇمنىڭ كەيپىچۇن يارالغان ئوبراز،
ئۇ گويا بىر بۇلاق، قۇرىماس چەشمە.

ئىچىدۇ ئىتلارمۇ ئۇندىن بىمالال،
ئىپلاس تۇمشۇقى ھارام قىلىدۇ.

بىراق ئۇ ئېقىن سۇ، ئالتۇندەك، ھالال،
يەنىلا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئادەتتىن تاشقىرى يارالغانلارنى —
«ھارامدىن بولغانلار» دەيدىغان گەپ بار.
بۇ گەپچە ۋېناسمۇ ھاراملىقمىكىن؟
دېگىسى كېلىدۇ، قىلمايمەن ئىنكار.

سەنئەت قەدرىنى بىلگەنلەر ئۈچۈن
چىرايلىق، باھاسىز، سۆيۈملۈك ھەيكەل.
ئاددىي يولۇچى، ئۆتكۈنچىلەرگە
ئوخشاشلا بىر ئايال، ئويۇنچۇق، پېشكەل.

1991 - يىل، 7 - ئاپرىل، بېيجىڭ

# زېرىكىش

نېمىنىدۇر كۈتىمەن، زارىقىپ شۇنچە،
تەنھالىق جېنىمغا سالغاندا ئازاپ.
كۆڭلۈمدە بىر تۇمان، قىلار بۇرۇختۇم،
ھاۋامۇ تۇتۇلغان، چىقمايدۇ ئاپتاپ.

بىردىن ـ بىر تەسەللى ماڭا دېرىزە،
پات ـ پاتلا تۈۋىدە تۇرىمەن ئۇزاق.
باغلانغان ئىت كەبى زېرىكسە جىسمىم،
خىيالىم توسقۇنسىز كېتىدۇ ئۇزاق.

ساماۋىي شەھەردەك تۈيۈلار ئەتراپ،
بىنالار چوقچايغان مۇنارىلاردەك.
يېقىندا بىر باغچا، قەدىمىي راۋاق،
ھەممىنى ئورىغان چۈش كەبى تۈتەك.

زېرىكىش ئۈلغۈيار تۇتۇق ھاۋادا،
تەبىئەت ياش تۆكەر ماڭا ئېچىنىپ.
ھەسرەتنى ئاۋۇتار شەپىسىز يامغۇر،
تۇرىمەن بۇلارغا قاراپ ئۆھسىنىپ.

يامغۇرلۇق ئاستىدا يۈرەر كىشىلەر،
ئازلىغان شاۋقۇنى، سانىمۇ بىراق.
مۇڭلانغان تەبىئەت، جىمجىت كائىنات،
ھەسرەتلىك دىللارغا بېغىشلار پىراق.

ئالتۇنرەڭ چېچەكلەر، يېشىل گوستاڭلار،
يامغۇردىن يۇيۇنۇپ ئالدى گۈزەل رەڭ.
بۇ رەڭلەر ئەسلەتتى ماڭا ياشلىقنى،
مۇڭلىرىم كۆپەيدى شۇنىڭ بىلەن تەڭ...

قەدىمي نۇسخىلىق راۋاقلار ئارا،
يۇرىدۇ بەزىلەر سەيلىدە لېكىن.
بىر جۈپ تەن چاپلاشقان يېقىن شۇنچىلىك،
يامغۇرلۇق ئاستىدا سۆيۈشتىمىكىن؟

سۆيگۈ پەسلىدە ئىنسانغا دېمەك،
توسالغۇ بولالماس يامغۇر، يا تۇتەك.
بىراق مەن دېرىزە تۈۋىدە تەنھا،
تۇرىمەن خىيالچان يەنە يىتىمدەك.

دېرىزە، دېرىزە مېنىڭ مۇڭدىشىم،
ئاداققى تەسەللى مىسكىن دىلىمغا.
تۇغۇلار گاھىدا كۇيلەش ئىستىكى،
سۆز كەلمەس ۋە لېكىن بەڭۋاش تىلىمغا.

1991 - يىل، 17 - ئاپرىل،بېيجىڭ، خىتاي - ياپون
دوستلۇق دوختۇرخانىسى

# بىر قىزغا

سەن مېنى «ئالجىغان چال» دەپ ئويلىما،
بىلىمەن، ئەخمەق قىپ يۈرسەن ئەركەم.
مەنمۇ ھەم شوخ ئىدىم يىگىتلىكىمدە،
قالدى ئۇ نەلەردە، كەتكىلى نىكەم.

بىلسەممۇ خۇلقۇڭدا شەيتانلىق بارىن،
سەن بىلەن مۇڭداش بوپ يۈرگىنىم ئەۋزەل.
سەن ياشاپ كەلگەندە مېنىڭ يېشىمغا،
بىلىسەن بۇ سىرنى: ياشلىق قاي گۈزەل.

ئۇ چاغدا مۇكچىيىپ قالارسەن بەلكىم،
ئادەممۇ چىقمايدۇ كولدۇرلىتىشقا.
يىگىتتىن سۆز ئاچماي، چالمۇ قارىماس،
يىگىتمۇ، چالمۇ ھەم تەلپۈنگەچ قىزغا.

1991 ـ يىل، 21 ـ ئاپرىل، بېيجىڭ

# يەنە «ۋېناس»قا

«مۇزچىراق سەيلىسى» كېلەر ئېسىمگە،
ھەرقاچان كەھرىۋا چېھرەڭنى كۆرسەم.
بى مەزگىل، تېتىقسىز كۈلسەن، لېكىن—
ئۆمچىيىپ سوغ چىراي تۇرسەن، كۈلسەم.

چاغاندا مۇز چىراق سەيلىلىرىدە
كۆرگەنمەن مۇز ھەيكەل ساڭا شەكىلداش.
شۇنچىلىك گۈزەل ھەم شۇنچىلىك سۈزۈك،
جۇت ياغار جىسمىدا چاقنىسا قوياش.

گۈزەلسەن، ۋە لېكىن خەققە كېرىكى —
(ھەممىدىن ئىلگىرى) مېھىر، ھارارەت.
كىبىردىن سوغ ئېقىم كېلىدۇ سەندىن،
بۇيۇكسەن ئۆزەڭچە، شۇنداق بەھەيۋەت.

«شائىرنىڭ ئىلھامى مەن» دەيسەن مەغرۇر،
نەزمىلەر يېزىلمىش سېنىڭ ھەققىڭدە.
ئوت يۈرەك شائىرمۇ سوۋۇيدۇ بىر كۈن،
كۆرمىسە ئىللىقلىق سېنىڭ ئەپتىڭدە.

ئېيتىلمىش: «يالغۇز خەس يالۋۇرسا كۆيمەس»،
بىر يۈرەك چاپسانلا ئۆچۈپ قالىدۇ.
ئاساسسىز خوش بولۇپ، كېرىلىپ يۈرۈپ،
سۆيگۈ پەسلىڭمۇ كېتىپ قالىدۇ.

1991 - يىل، 21 - ئاپرېل، بېيجىڭ

# كىمگە قاراپ كۈلگەن ئىدىڭكىن؟

— بىر گۈزەلگە

1

كۈلۈمسىرەپ كەلدىڭ نۇرسىمان،
سېنىڭ كۆزلىرىڭ...
قىزىل لەۋلىرىڭ...
زىلۋا بويلىرىڭ....
گۈزەللىكنىڭ غەزنىسى ئىكەن.
ئۇرۇق قىلىپ چاچىڭ كۈلكىدە...
تاغلار ئېرىدى شادلىق كەيپىدە.
جەزىرىلەردە پەيدا بولدى باغ.
ھەسەن ـ ھۈسەن قىيىۋېلىنغان ھېلىقى رەخنىڭ
پۈتۈن داسقىنى
يەر شارىنى ئورىدى تۇگەل!
يامغۇر كېلىپ ئېسىلىپ قالدى
يېقىنلا يەردە — باش ئۈستۈڭدىلا.
نېمىنىدۇر تىڭشىدى دۇنيا.
ئاندىن بىردىن قىزىدى جاھان!
كائىناتتا يۇلتۇز ھەممىسى
يەر شارىدەك ياسانغان گۈزەل —
سانسىز پەرى ـ غىلمانلار بولۇپ
ۋالىس ئويناپ پىرقىراپ كەتتى.
ئىشەنمىدىم مەۋجۇتلىقىمغا
ئېرىپ تۈگەپ كەتتىممىكىن يە؟
ھەممە نەرسە شۇنداق سۆيۈملۈك،

هايات پەيزى،
ياشاش مەنىلىك...
گولوبوسقا ئايلاندى ئەپچىل
جاۋاھىردىن پۈتكەن يەر شارى،
ئالقىنىمدا چۆگىلەيتى چاقناپ،
مېنىڭ ئىدى، مېنىڭ بۇ دۇنيا!!
چۈش كۆرگەندەك غۇۋا بىر ھېستا
كۈلۈمسىرەپ مەنمۇ جاۋابەن
باسقانىدىم قەدەم سەن تامان...

2

شۇئان ئالدىڭ ئەجەپ سۈرلۈك تۈس
ھېمىرىلىپ ئوماق قاشلىرىڭ.
ئوق يامغۇرى ياغدى كۆزۈڭدىن...
مۇدھىش بوران ھۇۋلىدى بىردىن،
سوغلار چاچتى شىۋىرغان دەھشەت.
بۇ دۇنيامۇ ئايلاندى ئەمدى
قۇملۇق دەشتكە، سازلىققا، سايغا!
قۇم ئۇچىدۇ، ئاچۇرماي كۆزنى،
پۈتكۈل ئىنسان لاي ھەيكەل —
ئەرۋا.
سېسىق پۇراق چاچىدۇ سازلىق
چەندان قوغلاپ هايات پەيزىنى.
قايغۇ ـ ئەلەم تىترەتتى يەرنى
يۈتتى يېشىللىق،
تۆكىلىدۇ غازاڭلار شار ـ شۇر
سىلكىنىشتىن تۆكۈلدى چېچىم،
ياشاشقىمۇ پۈتتى تاقىتىم،
ھەممە دەسمايەم تەقدىر قىماردا
پاك ـ پاكىزە ئۇتتۇرۇلدى،

قالدىم يالىڭاچ
نېمە مەزىسى هاياتىنىڭ ئەمدى،
باشلاندى قاچ ـ قاچ...
يىگانىلا قاپتىمەن ئۆزۈم
قىيامەت ئالدىدىكى دۇنيادا غەمناك.
كىمگە قاراپ كۈلگەن ئىدىڭكىن؟...
مانا شۇنداق كاج مەندە تەلەي،
نېمىشكىمۇ بولماي باغرى چاك؟

1991 ـ يىل،22 ـ دىكابىر ، گۇاڭجۇ

# ئەسلەش

سەن نۇر ئىدىڭ، چىرايىڭ ئاپتاپ،
(بالىت سەھنىسىدىكى ئارتىستقا ئوخشاش
نەگە بارسا نۇرمۇ يۈرگەندەك بىللە ئەگىشىپ)
چۆلسىرەپ، ھوۋۇلداپ تۇرغان غېرىپخانامىمۇ
سەن كىرگەن ھامان كېتەتتى يورۇپ.
خۇددى گۈزەل قىز يۈزىدىكى خالدەك،
ياكى ئاق يۈزگە يارىشىپ جايلاشقان مەڭدەك،
يا بولمىسا گۈزەل سۈرەتنىڭ
ئورنىنى تېپىپ چاپلانغىنىدەك،
ئۆيۈمگە ئەجەپ ياراشقان ئىدىڭ.
مېنىڭ خۇي ـ پەيلىمگىمۇ خوپ قاملاشقان ئىدىڭ.
دېگەن ئانامىمۇ: «بۇ سارىڭنىڭ
ھويلىغا خۇيمۇ ياراشتى».
راست شۇنداق، ياراشقانىدىڭ.
تۈگىمەس شەربەت بارمىدىكىنە سېنىڭ لېۋىڭدە
سۆيۈپ قانمايتىم، سۆيۈپ ھارمايتىم.
ئاخىر بولالماي چىشلەيتىم ئاستا،
بەزىدە تېخى قانىتىپمۇ قوياتتىم لېۋىڭ.
مۇھەببەت ئۈچۈن يارالغاچقا سەن،
قەدىرلەپ قارشىلايتىڭ، چۈشىنەتتىڭ.
بەزىدە سېنى بوغۇپ كېتەتتىم،
گويا ئۆچلىكىم تۇتۇپ ئۆلتۈرىدىغاندەك.
ئەسلى شۇ چاغدا قانماستىن ساڭا،
قىلغىلى تۈزۈك قىلىق تاپالماي

(قىلىق كۆپقۇ، يېڭىسى بولماي)،
شۇنداق قىلسام ئارامدەك ماڭا،
قىينايتىم سېنى، سۆيەتتىم سېنى.
خۇددى مۇشۇككە ئامراق ئادەم
كەچكىچە ئۇنى مىجىقلىغاندەك،
ماقىرتىپ، ئۆزىنى تاتىلىتىپ،
شۇندىن كۆڭۈل خۇشى تاپقاندەك.
بىر ئاجايىپ ئويۇنلار ئىدى،
سېنىڭ «ماقىراش»لىرىڭ بەكمۇ لىۋەن،
«تاتىلاش»لىرىڭ ئاندىنمۇ تاتلىق.
نىكۇن كەتتىڭ، باھارمۇ كەتتى ئەگىشىپ،
زىمىستان جايلىشىپ ئالدى قىلىپ ئۇستاتلىق...
*
ئاچچىقلاشنى بىلمەيتىڭ ئەسلى،
كۇلۇپ تۇراتتىڭ، زىناقلىرىڭدا قوياش شولىسى.
كۆزلىرىڭدىن تاماتتى مېھىر،
چىشلىرىڭ ئېچىلسا شادلىق ناخشىسى.
مېنىڭ غەلىتىلىكىمنى كۆتەردىڭ ئۇزاق،
سادده ئىدىڭ، بىلمەيتىڭ توزاق.
قۇۋباش خوتۇنلاردىن ئۆزگىچە ئىدىڭ،
ئۆتكەن ئىدى بىر قەرنە شۇنداق.
«مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام» دېگەندەك،
خۇيلىنىشنى ئۇگەندىڭ مەندىن.
ئاپتاپنى مەن ئۆزەم ھەيدىدىم.
چىراقنىمۇ ئۆچۇردۇم ئۆزۇم.
ھەممە خاتا تۇزىلەركەنۇ -
ھەم قايتىدىن باشلىناركەنۇ -
پەقەت مۇشۇ ئىش — ئەي قارا كۆزۇم —
پەقەت شۇ پۇشمانلىق ئۆمۇر

قايتا باشتىن باشلانمايدىكەن،
ياخشى دەملەر ئۈشلانمايدىكەن،
پەقەت ئىزتىراپقا چۈشكەندە ئادەم،
ئۈنىڭغا زىندان بولغاندا ئالەم،
ئەسلىنىدىكەن، ئەسلىنىدىكەن!

1993 - يىل،17 - مارت، بىشكەك

# ئوتتىن ھۆركۈش

چوڭ بولماسقا قالدىم ئەجەپمۇ؟
مەن نېمانداق تەنتەك، يېڭىلتەك!؟
سايەڭنى كۆرۈپ تاشكەنتتە جېنىم
قاچتىم قوروغا بۆرە تەگكەندەك.
بىر قارارغا كەلسەم يېڭىلمەي
قايتا ئېرىشەر ئىدىممىكىن تاڭ.
ئەمما قورقتۇم، بىلمەيمەن نىچۈن،
بەلكىم ئويلىدىم: ئەمەسمەن سالتاڭ.
پىشقان ئەر كىشى يېشىغا يەتتىم،
ئەمما شۇ چاغدا تۇرىقىم قانداق؟
(شۇنچە كۈلكىلىك، شۇنچە غەلىتە،
بىلمەيمەن، ئىلگىرى ئەمەستىم ئانداق):
مەزگىلسىز پىشىپ قالغان بالىدەك،
(يېشى كىچىك، ئەمما ئاشقتەك)،
نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇۋۇشلۇرۇم
بىچارىلىك بىلەن مۆلدۈرلەشلىرىم،
يا گەپ قىلالماي، ياكى ئىشارە،
خۇددى چۆگىلىتىپ قويۇۋېتىلگەندەك،
گاراڭلىق بىلەن، چەكچىيىپ ئاڭا،
ھەم بىسىۋالغان ساراڭلارچە خىيالىي چۈشلەر،
خىيالىم ۋىسال، خىيالىمدا توي،
تېخى ئوماق باللار قاتار.
يەنە تېخىچۇ، ئۇنى قانداق ئەركىلىتىشنىڭ
يېڭى تۈرلىرىنى قىلىپ ئىختىرا،...

ۋاي ساراڭلىقىم، ۋاي كىچىكلىكىم!
بۇنداق ئۆي نەدىنمۇ بولۇنمىش پەيدا؟
سۆيگۈ سىرلىق، كۆڭۈل تىلسىمات،
شۇنداق بولارمىش بولغاندا شەيدا.
ئۇنىڭ قېشىدا تۇرىۋەرسەم گەر
ئېلىشىپ قالىدىغاندەك ئۆيلىدىمىمكىن،
خۇددى ئۇتتىن قاچقاندەك ئۇركۈپ
شۇڭا تېزلا قېچىۋىدىمىمكىن؟!

1993 - يىل، 17 - مارت، بىشكەك

# ئەسلەتمە

مەن توي خېتى ئېلىپ،
بەختىيار ھالدا  جۆرەم بىلەن
جاھانغا پاتماي قېلىۋاتقاندەك كېلىۋاتقاندا،
بىر جۈپ ئەرخوتۇن سەت تىللىشىپ بىر – بىرىنى
ئىرى ئىتتىرىپ خوتۇننى
خوتۇنى سۆرەپ ئېرىنى
كېتىۋاتقانىكەن:
بىز چىرايلىق كىيىنگەن،
لەۋلەرده كۈلكە،
ئۇلار گويا قارىلىقتىكىدەك،
ئويلاپتىمەن؛ بىز ھەرگىز ئۇلاردەك قىسمەتكە قالمايمىزدەپ!
كىم بىلىپتۇ،
مېنىڭ قىسمىتىم بولدى ئۇندىنمۇ بەتتەر!

# كىچىككەن سۆيگۈ

چۈشۈمىمكىن؟
دەيمەن تۇرۇپلا؛
سەن بىلەن سۆيۈشكەن دەملەرنى ئەسلەپ،
قۇچۇغۇمدا نازسىز ئولتۇرۇپ
ئۇھسىنىپ باقىنىڭ كۆزۈمگە ئۇزاق،
شاش ياشلىقتىن يىراقلاشقان بىز،
ياراشمايدىغاندەك قىلاتتى شوخلۇق؛
مەۋھۇم گۈزەللىكنى قوغلاشماي ئەمدى –
كۆرۈمسىز بولسىمۇ نەق ئۇنۇم ئىدى قوغلاشقىنىمىز.
ئېغىر بەستىڭ يوتلىرىمغا قىلاتتى بېسىم،
زىلۋالىقتىن ئۆتكەن بېلىڭنى ئۆزۈمگە تارتىپ،
بىر قولۇمدا ئويناپ كۆكسۈڭنى –
ھەسرەت دېڭىزىگە كېتەتتىم پېتىپ:
كۆكسۈڭ يوقاتقان يۇمرانلىقىنى،
تەبىئىلىكىنى....
ئۇنىڭدا ئىش قوشقان بېغىرداق مەلۇم،
سۈنئى چوقچايتىلغان، قۇم دۆڭلىرىدەك،
بەختسىزلىكىمگە كېلەر يىغلىغۇم،
ئۇنىڭ يۇمران چېغىدا –
قېلىن – قاتتىق تىركەلمىلەرسىز
نېپىز كۆينەكتىن تېشىپ چىققۇدەك
شوخلۇق بىلەن چاپچىپ تۇرغان گەزلەردە...
ئۇنى ئويناشقا بولماپتۇ نېسىپ.

ئەزەلدىن تەلىيىم شۇنداق:
قىممەتلىك نەرسىلەر بولمايدۇ مەندە –
قەدىرلىگەنلىرىمگە ساھىپ ئەمەسمەن!
قاچان مەن ئېرىشسەم ئالتۇن، ئالماسقا،
پۈتكۈل تاغۇ – تاش ئالتۇن، ئالماسكى،
قىممىتى تۈگەر، قىزىقى تۈگەر...
نە ھال بۇ؟
تەقدىر سېھىرگەر!
مانا ئەمدى
تولغان ساغرىلار،
پالۋانچە بەللەر،
پىشقان ئالمىلار –
ھەممىسى مەندىن كەتتى يىراقلاپ.
كۆز يەتمەس ئېگىزدە تۇرىدۇ چاقناپ،
بۇ يۇكسەكلىككە تەلپۈنۈپ جېنىم
تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايمەن، ئۇنى قۇچۇشنى!
بىراق يەنە ئۆتكەن كەچمىشلەر
كېچىككەن
تۇنۇگۇنكى ئازمىشلار غىل – پال –
كۆز ئوڭۇمدىن ئۆتىدۇ بەزەن،
ئىشەنكىم كەلمەيدۇ،
قۇچىقىمغا ئالغىنىم سېنى
بەلكىم چۈشۇمدۇ،
ساراڭلارچە شېرىن تەسەۋۋۇر،
يىراقتىن ساڭا قارىسام
تېخىمۇ ئىشىنەلمەيمەن چۈش ئەمەس ئۇ دەپ،
(سەن شۇنچە مەغرۇر)!

1994- يىل 26ــ ئاۋغۇست

# ئۆگۈنۈش

جۇدالىق كۆلپىتى باسقاندا كېلىپ
ئاندىن بىلدىم قەدرىڭنى سېنىڭ.
ھېچكىمنى سەندەك سۆيمىگەنكەندىمەن،
ھېچ سۆيگۈ ئۇنداق تولۇق، ئۇنداق مۇستەبىت
ئىگەللىيەلمەسكەن قەلبىمنى مېنىڭ،
لېكىن،
سېنى «شاخلاپ كەتمىسۇن» دېگەندەك،
يوشۇرغان ئىكەنمەن ئىشقىمنى پۈتۈن،
شۇنچىلىك سېغىندىڭ مېھرى – ۋاپادا،
ئەمما مەن شۇنچىلا قىلدىم بېخىللىق،
بى ھېساب سۆيۈشكە قىستىسا دىلىم
قىسقارتىپ بىرنىلا سۆيگەن ئىكەنمەن،
ھاياتتا ئەڭ نازۇك ھىسلارنى ماڭا
پەقەت سەن بەرگەنىدىڭ جېنىم ئامرىقىم،
ئەڭ گۈزەل ئەسلىمەم بىر ساڭا تالىق
نەزمىلەر گۈلشىنىم ساڭا خاس جېنىم...

1993-- يىل، 11- ئىيۇن بىشكەك

# دۇنيا!

— تۇنجى مۇھەببىتىمگە

بىلمەيمەن ئارىدىن ئۆتتىمۇ ئەسىر
ۋىسال پەيزى سۈرگەن چاغلىرىم
بىلىنەتتى چۈشتەكلا غۇۋا؛
گاھ يوقۇلۇپ، گاھى گىرىمسەن –
خىيالىمدا بولاتتى پەيدا.
باھار بىلەن ئىمىلدەش ئىدىڭ،
شاتلىق، ئۈزلۈق، نۇر بىللە ئىدى،
نەگە بارساڭ، ئىللىق كېلىمات.
سەن بار جايدا ھاۋامۇ تازا
مۇھىت گۈزەل، ئەجەب تىلىسمات.
كەلدىڭ،
كوچا كەتتى يالىلداپ
باھار ھىدى ئەتراپقا تاراپ
ھەسەن – ھۈسەن كۈلگەندەك كۈلۈپ
نەۋ باھارنى بىللە قۇچاقلاپ،
كەلدىڭ،
قۇياش تۇغۇلدى گۇيا
ئالەم تەكشى يۇرىدى بەلەن،
گۈل قاپلىدى كوچىنى تۈگەل،
خۇشپۇرىقى، ئۈزلىقى لىۋەن،
ھەمرا بولدى دۇنياغا بۇ تاپ
مەڭگۈ ياشلىق، مەڭگۈلۈك باھار،
ماگما قايناپ تاشماق بولاتتى،
قىلماقچىدەك زۇلۇمنى تارمار

شۇچاغ
بىر چوغ داغلاپ، دىلىمنى –
قارغاپ كەتتىم تەقدىرنى بىلەد
تەقدىر تارتىپ كەتتى ۋىسالىم،
ھەسرەت ئەلەم باستى شۇ سائەت
تارتىپ ئۈزاق دۈزاق ئازاۋى
بىلدىم قەدىر قىممىتىڭنى مەن،
بىراق، ئەقلىم كەلگەچ پىشىمدە
خەققە تەۋە بولغانىدىڭ سەن.
بىسىپ كەلسە ھەرلەھزە ئازاپ،
ئىسمىڭنى مەن كېتىمەن يادلاپ،
بولدۇڭ بۇ دەم مېنىڭ مەبۇدەم
سەجىدىدە مەن چېكىپ ئىزتىراپ.
بەزى – بەزى چۈشەپ قالىمەن،
ماڭا ھەمرا گۈلشەنلەردە سەن،
ھەممە گۈلدىن گۈزەلراق چىھرەڭ
تىكىلىمەن، بولۇپمەن زوقمەن.
بۇنداق چۈشلەر يوقلىماس دائىم
شۇمۇ ئۈزۈق كېتىدىغاندەك،
بىر چۈشىسەم ۋە شۇ چۈشۇمدىن –
ئويغانمىسام، ئوينىسام خاندەك.
ھەم شۇ پېتى باقى ئالەمدە
كۆزۈم ئاچسام قۇچاقلىرىڭدا،
مەست بولغاندەك ئەلەڭلەپ گويا
ساڭىلا خاس پۇراقلىرىڭدا.
تۇنجىسى سەن مۇھەببىتىمنىڭ
شۇڭا كامىل ئىشەنچىم بۇڭا،
خۇدا، پەقەت خۇدالا بىلگەچ
تۇنجى سۆيگۈ قەدىر قىممەتتىن،

ئۇ دۇنيادا قىرىق ھۆر بىلەن
سېنى ماڭا قىلار ھەدىيە...
ياكى خۇدا قۇدرەت بەرسىكەن
دۇنيانى مەن قىلسام كۈمپەيكۇم،
ئاندىن قايتا ياسىسام ئۇنى
يېڭىباشتىن ئايلىنىمەن دەپ
قىلسام ئاڭا مۇقەددەس ھۆكۈم.
يېڭىباشتىن باشلىنىپ ھايات
ئاستا – ئاستا ئۆتۈپ ئەسىرلەر،
مەدەنىيەت قىلىپ تەرەققى
ياسالسا ئۈز ساراي قەسىرلەر.
يىگىرمىنچى ئەسىرمۇ بولۇپ
مەن تۇغۇلسام قايتىدىن يەنە،
سەنمۇ كەلسەڭ دۇنياغا جېنىم
بىللە ئۆتسەك يەنە بىر قەرنە.
ئەمدى ساڭا قىلمايتىم ئازاب،
ۋە بىرەتتىم قولۇڭغىمۇ سۇ.
كېچە – كۈندۈز تىلەيمەن تىلەك
خىيالىمنىڭ نېگىزىمۇ مۇشۇ.
كەتتىڭ،
كەتتى نۇرمۇ يىراقلاپ،
قاراڭغۇلۇق باستى ئەتراپنى.
ئەمدى سېنى قاچان كۆرەرمەن؟
ئۇچرىشارمىز بەلكىم جەننەتتە،
مەيلى ئىدى ئۇچراشساقلا بىز
دوزاقمۇ ھەم بولاتتى گۈلشەن.
مانا مەندە غەلىتە ئۈمىد
ئۇچراشساق دەيدىغان ئاخىرەتتە.

# غا...

مەن قىينايمەن سېنى ئامالسىز
(چۈنكى تۇيغۇ – بەڭۋاش، يۈگەنسىز)،
لېكىن مەنمۇ ئوخشاش قىسمەتتە،
سۆيۈلمەيمەن،
ھايات خوراپ تۈگمەكتە شۇنداق،
ئۆتكەن كەچمىشلەرنى ياد ئېتىپ تامشىپ،
مەندىغۇ تامشىشقا بار شۇنچىلىك ئىش،
نېمىگە ياشايسەنكىن قۇرۇتتەك لۆمشۈپ؟
ئىچىم سېرىلار بۇنى ئويلىسام،
بىراق بۇ سۆيگۈ ئەمەس، ئىچ ئاغرىتىشلا.
تۇيغۇ قوزغاشقا يوق سەندە مېھىر،
ئۇنى ئويغۇتۇشقا ھەپسىلەم يوق ئوخشاشلا.

1994.10.1

# كۆڭۈل دېگەن سىرلىق بىر نېمە

سەن دەيسەن: كۆيۈمچان مەنمۇ سەن ئۇچۇن،
نېمىشكە مېنىمۇ سۆيمەيدىغانسەن؟
بىۋاپا يار ئۈچۈن پەرياد چېكەرسەن،
ئوندا بىر ماڭىمۇ كۆيمەيدىغانسەن؟
مەنمۇ ھەم بىلمەيمەن بۇنى، بەختسىز،
مەندە بار سەن ئۈچۈن ئىچ ئاغرىتىشلا.
كۆڭۈلنى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولماس
سۆيگۈنى ئويغاتماق شۇڭا مۇشكۈلات.
ئادەمدە بار دېيەر كۆڭۈل دېگىنى،
گەر ئۇنى سويۇپ كۆر، كۆرەي دەپ ئۇنى.
چىقىدۇ ئادەمدىن ئۆت، بۆرەك، جىگەر،...
كۆڭۈل دەپ بىر نېمە بولماس تاپقىلى.
بار دېسەڭ ئاشۇنداق يوق نېمە ئۆزى،
يوق دېسەڭ ئۇ سىرلىق پىنھاندا مەۋجۇت.
زورلاشتىن ھاسىلمۇ سۆيۈش، ھاماقەت،
كۆڭۈل گەر خالىسا كۆيىدۇ ۋۇجۇت.

1993 ـ يىل،17 ـ مارت، بىشكەك

# ئاچچىق

سەن ئەمدى يوق
مەۋجۇد ئەمەس مەن ئۈچۈن
ئۆلگەن ئادەم، تىرىلمەيسەن مىسالى.
دەل شۇنىسى
بىر دەھشەتتۇر مەن ئۈچۈن،
مەزرىسىمۇ قالماس شۇڭا دۇنيانىڭ.
ئالتۇن يۈلتۇز پۈتۈن مېنىڭ بولسىمۇ
تەڭ ئەمەسكەن زىلۋا ۋۇجۇد جانانغا.
ھەممە ئارمان جەننەتتىكى ئۈچرىشىش
ئۆلگەنلەرمۇ قايتا كەلمەس جاھانغا.
كۆز ئوڭۇمدىن كەتمەس نەدە بولسامىمۇ
سېنىڭ كۈلكەڭ
ئوماققىنە زىنىقىڭ.
تەمى كەتمەس تاتلىق - تاتلىق سۆيۈشنىڭ
لەۋلىرىمدە
ئىسسىققىنە تىنىقىڭ.
ئۆرتەر مېنى،
يۈرىكىمنى بىر ئاچچىق،
قايتىلانماس تۇزۇلگىنى دۇنيانىڭ!

1994 - يىل، 8 - ئىيۇن، جىددە

# ئەسلىمە

بەك قىسقا بوپتىكەن ۋىسال پەيتىمىز،
قەدرىنى بىلگىچە كېتىپتۇ ئۆتۈپ.
شۇ قىسقا پەيتنىمۇ تۇتماپتىمىز چىڭ،
گاھ قېيداپ، گاھ باتناپ، چاكىلداپ كۈتۈپ.

ئېسىڭدە بارمىكىن كىچىك بىر باغچا
دەريا بويى — يانتۇ قىرغاقتا،
بىز چوڭ بولغان تاغلىق شەھەرنىڭ
كۈنگەي يېقى — ئۇزاق – ئۇزاقتا؛

تويىمىزنىڭ ھارپىسىدا بىز
كەتكەنىدۇق شۇ باغچا تامان.
مەنزىل بويى سۆيۈشكەنىدۇق
ئاچلىق بىلەن، قېنىشماي ھامان.

ھەجەپ تاتلىق «ئاچلىق» ئىدى شۇ،
ئىنتىلىشكە باغرى لىق — پەۋەس.
ھەر سۆيۈشتە ئارتىپ ئىشتىياق،
ئالدىرىتىپ نەگىدۇر، ھەۋەس.

ئاشۇ كۈننى ئەسلەپ شۇ بۈگۈن
(شۇ قورامدا بۈگۈن ئوغلىمىز)
يۈرىكىمنى تىلدى نېمىدۇر.

كۆزلىرىمگە تىقىلدى يېشىم
كۆچكەن ئەبەد شېرىن ئىزىمىز؛
ئاقارغاچقا كۇلپەتتىن بېشىم.

قايتماس ئەمدى ئۇنداق بىر كەچمىش،
قايتىلانماس شېرىن سۆيۇشلەر.
ھەركۈن يېقىن قەۋرىگە ئۆمۈر،
يۇتتى تامام تاتلىق ئۆكسۇشلەر!

ھەممە دەرتمۇ مانا شۇنىڭدا:
ھەجەپ ئەلەم قايتىلانمىشى!
ياشاپتىمىز ئۆلمەيدىغاندەك...
قىزىق ئىكەن قىسمەتنىڭ ئىشى!...

كانادا\خاملتون 25-03-2005